يۇسۇپجان مۇھەممەد تۇغيان



# ئوۋچىلىق

## ئۇيغۇر دولانلىرىدا

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

يۇسۇپجان مۇھەممەد تۇغيان

# ئۇۋچىلىق

## ئۇيغۇر دولانلىرىدا

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔刀郎人的狩猎习惯 ：维吾尔文 /玉素甫江·穆合买提著. -- 乌鲁木齐 ：新疆科学技术出版社,2015.4
ISBN 978-7-5466-2957-5

Ⅰ. ①维… Ⅱ. ①文… Ⅲ. ①维吾尔族－狩猎－少数民族风俗习惯－研究－中国－维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. ①K892.315

中国版本图书馆CIP数据核字(2015)第070199号

نەشر قىلغۇچىلار: تاڭ خۇي
ئادىل مۇھەممەت
مەسئۇل مۇھەررىرى: باھارگۇل تۇداخۇن
ئايىنىسا ئوبۇل
مەسئۇل كوررېكتورى: رۇقىيە شېرىپ
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: خەمىدە سەئىدئالىم
بەت ياسىغۇچى: ئايىنىسا ئوبۇل

# ئۇيغۇر دولانلىرىدا ئوۋچىلىق

* * *

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى №255 پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880 mm×1230mm 1/32 باسما تاۋىقى: 5.25
2015 - يىلى 1 - ئاي 1 - نەشرى
2015 - يىلى 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 978-7-5466-2957-5
باھاسى: 15.00 يۈەن

出 版 人：唐 辉
阿迪力• 穆罕默德
责任编辑：巴哈尔古丽 • 吐达洪
阿依努沙 • 吾布力
责任校对：茹克亚 • 西里普
封面设计：海米旦 • 塞达里木
制　　版：阿依努沙 • 吾布力

**维吾尔刀郎人的狩猎习惯**（维吾尔文）

玉素甫江 • 穆合买提　著

新 疆 人 民 出 版 总 社
新 疆 科 学 技 术 出 版 社 出 版 发 行
（乌鲁木齐市延安路 255 号　邮政编码：830049）
新疆新华书店经销　新疆新华印刷厂印刷
880mm×1230mm　32 开本　5.25印张
2015 年 4 月第 1 版　2015 年 4 月第 1 次印刷
ISBN 978-7-5466-2957-5（民文）定价:15·00 元



# ئاپتور ھەققىدە

يۈسۈپجان مۇھەممەد تۇغيان 1973 ـ يىلى 12 ـ ئىيۇل ئاۋات ناھىيەسىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۆز ناھىيەسىدە تاماملىغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىنىڭ خەنزۇتىلى كەسپىدە ئوقۇغان. 1991 ـ يىلى خىزمەتكە قاتنىشىپ، مول ھوسۇللۇق 1 ـ مەيدان پارتكومى، ناھىيەلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىدا كاتىپ، تەرجىمان بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش سىنىپىنىڭ خەنزۇتىلى تولۇق كۇرسىنى پۈتكۈزگەن. 2002 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن باشلاپ ئاۋات ناھىيەلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتىدۇ.

ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا، ئەدەبي ئىجادىيەتكە قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان بولۇپ، 1988 ـ يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە «ئاقسۇ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «ئەلۋىدا بەڭباشلىق» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ، شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن بىرلىكتە بارا ـ بارا پىروزا، ئەدەبي تەرجىمە، خەتتاتلىق قاتارلىق تۈرلەر بويىچىمۇ ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. ھازىرغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىز ئىچى ـ سىرتىدىكى ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا 350 پارچىدىن كۆپرەك شېئىر، ئون نەچچە پارچە ھېكايە، ئەدەبي ئاخبارات، بىر نەچچە پارچە ئوبزور، ئون نەچچە پارچە تەرجىمە ئەسەر، دولان مەدەنىيىتى ۋە باشقا تېمىلار بويىچە يىگىرمە نەچچە پارچە ماقالە، 100 پارچىغا يېقىن ھۆسنخەت ئەسىرى ئېلان قىلىنغان. «ئاۋات ناھىيەسىدىكى

ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» (ئىچكى قىسمىدا بېسىلغان) ناملىق كىتابنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. 1995 - يىلى «تۇرپان گېزىتى» ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇيۇشتۇرغان «يېشىل مەرۋايىت» مۇكاپاتلىق ئەدەبىي ئەسەرلەر مۇسابىقىسىدە «يارات تەڭرىم بىر دۇنيا» ناملىق شېئىرى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. «قىرغاقسىز دەريا» (شېئىرلار)، «دولان دىيارىدىكى مۇقام ناۋاسى» (سەھنە سېنارىيەسى) قاتارلىق ئەسەرلىرى 2008 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «ئوندا بىر يورۇق نۇقتا» پائالىيىتى بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاشتا «بىر ياخشى ئەسەر» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ھازىرغا قەدەر «تارىم ناۋاسى»، «ئۇيغۇر خەلق كۈلدۈرگىلىرى»، «ئۆلگىلىك ماقالىلەر توپلىمى»، «ھۆسنخەتلەر، ئۆرنەك رەسىملەر» قاتارلىق كىتاب ۋە توپلاملارغا بىر قىسىم ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن. بىر قىسىم شېئىر، ھېكايىلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تۈزۈپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇرغان «غەربىي يۇرتتا چاقنىدى تارىم» (خەنزۇچە)، «بىر دەستە نۇر ئۆتتى يالت قىلىپ» (خەنزۇچە) ناملىق شېئىرلار توپلاملىرىغا بىر قانچە پارچە ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن. ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە 12 مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئاۋات ناھىيەلىك خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىمەكتە.

# كىرىش سۆز

مەدەنىيەت ھەربىر شەخس، مىللەت، رايون ۋە دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي كىملىكى شۇنداقلا بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى، تەرەققىي قىلىشىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. ئەگەر كىمنىڭ بۇ خىل كىملىكى بولمايدىكەن، ئۇنىڭ ھېچنېمىسى بولمايدۇ.

بۈگۈنكى دۇنيا ئاتوم دەۋرى، پەن تېخنىكا دەۋرى، ئۇچۇر دەۋرى دېيىلىدىغان تۈرلۈك ناملار بىلەن سۈپەتلىنىۋاتىدۇ، مەنچە ئىجتىمائىي كىملىك نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، يەنىلا ئەڭ ئاۋۋال مەدەنىيەت دەۋرىدۇر. مۇنەۋۋەر سىياسىيون، داڭلىق مۇتەپەككۇر سەيمىل خانتىڭتوننىڭ قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، «21 ـ ئەسىردىكى يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان توقۇنۇش ھەربىي ھازىرلىقلار ياكى ئىقتىسادىي مەنپەئەت توقۇنۇشى بولماستىن، بەلكى مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» بولىدىغان بۈگۈنكى كۈندە، مەدەنىيەت كىملىكى ۋە مەدەنىيەتتىكى مەۋجۇتلۇقتا كۆڭۈل بۆلۈش ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

ئەنە شۇ تەخىرسىزلىك ۋە زۆرۈرىيەت ئىچىدە كەمىنە مۇئەللىپ، گەرچە سىستېمىلىق ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ئوقۇپ باقمىغان، زامانىمىز ئەللامىلىرىدىن يۈزتۇرانە تەربىيە ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىگە باقماي، كۆرگەن چالا ـ بۇلا كىتابىي بىلىملىرىگە ۋە قويۇق دولان مەدەنىيىتى مۇھىتىدا ياشاۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت كىچىككىنە ئەۋزەللىكىگە تايىنىپلا ئاجايىپ زور تەۋەككۇلچىلىك بىلەن قولىغا قەلەم ئېلىپ پىشمىغان تەتقىقات (ئەگەر تەتقىقات دېيىشكە توغرا كەلسە) مېۋىلىرىنى

ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنۇشقا جۈرئەت قىلدىم. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قىزىق نۇقتا سۈپىتىدە دائىم تىلغا ئېلىنىۋاتقان، ئەمما مۇپەسسەل شەرھلىنىشتىن تېخى يىراق تۇرۇۋاتقان دولان مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى بۇ كىچىككىنە ئورۇنۇشلىرىمنىڭ ئوقۇرمەنلەرنى ئاز - تولا مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

ئاخىرىدا مەن كىتابلىرىدىن نەقىل ئالغان، ئۆگۈت - كۆرسەتمىلىرىنى ئايىمىغان ئۇستازلىرىمىزغا، كىتابنىڭ نەشردىن چىقىشىغا يېقىندىن ياردەمدە بولغان مەدەنىيەتپەرۋەر رەھبەر ۋە دوست - بۇرادەرلىرىمگە سەمىمىي رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن.

— يۇسۇپجان مۇھەممەد تۇغيان

2009 - يىلى كۆنەك ئېيىنىڭ ئوتتۇز بىرى، ئاۋات

# مۇندەرىجە

دولان مەدەنىيىتىنىڭ مەنە قاتلىمى..........................1
ئاۋات دولان مەشرىپىنىڭ تۈرلىرى ۋە ئالاھىدىلىكى توغ-
رىسىدا..............................................6
دولان مۇقامى تېكىستلىرىدىكى بەزى ناتوغرا ئۆزگىرىشلەر
توغرىسىدا...........................................48
ئۇيغۇر دولانلىرىدا ئوۋچىلىق..........................63
ئەختەم بۇزۇرگاھ ۋە تۈنەك.............................77
ئۇيغۇرلاردا ئات مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ دولان چالغۇلىرىغا
كۆرسەتكەن تەسىرى...................................84
توغراق ۋە دولان مەدەنىيىتى..........................98
چارۇق قوۋم مەشرىپى توغرىسىدا.......................111
دولانلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ مەزمۇن دائىرىسى
118...................................................
ئاۋات دولان دېھقانلار رەسساملىقى توغرىسىدا..........128
مېنىڭ يىلتىزىم......................................136
دولان يۇرتىدا مۇقام بايرىمى..........................145

# دولان مەدەنىيىتىنىڭ مەنە قاتلىمى

دولان مەدەنىيىتى مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدىكى تەتقىقاتچى، مۇتەخەسسىس ۋە ئالىملارنى 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئۆزىگە قىزىقتۇرۇپ كەلگەن مۇھىم بىر تەتقىقات تېمىسى بولۇپ، ھازىرغا قەدەر بۇ توغرىسىدا بىر تالاي مۇنازىرە ۋە غۇلغۇلا بولدى. بۇ مۇنازىرىلەر ئاساسلىقى دولانلار ئۇيغۇرلارمۇ؟ ئۇلار ھازىرقى ياشاۋاتقان رايونغا قاچان كەلگەن؟ ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئانىسى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىمۇ ياكى دولان مۇقامىمۇ؟ دېگەنلەرگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، بۇ نۇقتىلارنى چۆرىدىگەن ھالدا ھەتتا بىر قانچە پارچە كىتاب ۋە بىر تالاي ماقالىلەرمۇ يېزىلدى. ئۇيغۇر دولان تەتقىقاتىدا ئۇزۇندىن بېرى تالاش ـ تارتىش بولۇۋاتقان «دولانلار موڭغۇللارنىڭ ئەۋلادى، ئۇلار موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قۇللىرى ئىدى، دولانلارنىڭ شەكىللەنگەن ۋاقتى 14 ـ ئەسىردىن 16 ـ ئەسىرگىچە بولۇپ، 500 ~ 600 يىلدىن ئاشمايدۇ»، «دولانلار ھەقىقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادى، ئۇلار ئىرقىي جەھەتتىن موڭغۇلوئىدلار بولماستىن، ھەقىقىي تۈركوئىدلاردۇر، ئۇلار 9 ـ ئەسىرلەردىلا ھازىرقى ياشاۋاتقان رايونلارغا ماكانلىشىپ، ئەتراپ بىلەن ئانچە بېرىش ـ كېلىش قىلماي بېكىنمە مۇھىتتا ئۆزگىچە تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىدە ياشاپ كەلگەن»[1] دېگەندەك قاراشلار ھەققىدىمۇ بىر قىسىم يەكۈنلەر چىقىرىلدى.

مەن ئۇيغۇر دولان مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى بولۇش سۈپىتىدە ئۆزۈمنىڭ بەزى بىر قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

ئەگەر ئۇيغۇر دولانلىرى موڭغۇللارنىڭ ئەۋلادى ھەم شەكىللەنگىلى 500 ~ 600 يىللار بولغان بولسا، بۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇلارنىڭ تىلىدىكى بارلىق موڭغۇلچە سۆزلەرنىڭ تەلتۆكۈس ئۇيغۇرچىغا ئۆزگىرىپ كېتىشى مۇمكىنمۇ؟

ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكلىرىدە بىر قىسىم موڭغۇلچە سۆزلۈكلەرنىڭ بولغانلىقى چىڭگىزخان دەۋرىدە ئۇيغۇر ۋەزىر تاتا تۇڭانىڭ موڭغۇللارغا ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگەتكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىنلىكىنى نېمىشقا دەلىللەپ باقمايمىز؟

دولان مەشرەپ (مۇقامى) لىرىدىن ئىبارەت ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي سەنئەت شەكلىنىڭ 500 ~ 600 يىل ئىچىدىلا شەكىللىنىپ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە ئوۋچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ[2] دولان مەشرەپلىرىنىڭ باش ـ ئاخىرىغا چوڭقۇر سىڭگەنلىكىنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟

مېنىڭچە، يۇقىرىقى كۆز قاراشلار ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچە ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن دولان مەدەنىيىتىنىڭ مەنە قاتلىمى توغرۇلۇق پىكىر بايان قىلىشقا بولىدۇ.

دولان مەدەنىيىتى — تار مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئۇنى ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قاتلاملىرىدا ئىپادىلىنىپ چىقىدىغان بارلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ يىغىندىسى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

دولان ماددىي مەدەنىيىتى «ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكلەر»، «قول ھۈنەر ـ سەنئىتى»، «ئۆي قۇرۇلۇشى»، «مىللىي چالغۇلار»، «قورال سايمانلار»، «ئەنئەنىۋى يېمەك ـ ئىچمەك» قاتارلىقلارنى، دولان مەنىۋى مەدەنىيىتى «تارىخ »، «تىل شېۋە»، «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»، «ئۆرپ ـ ئادەت»، «دولان مەشرىپى» (دولان مەشرىپى — ئۆرپ ـ ئادەت، ناخشا ـ ئۇسسۇل، مەشرەپ ئويۇنلىرى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئەنئەنىۋى مول مەدەنىيەت سىستېمىسى بولۇپ، بۇ يەردە تەتقىقات ئېھتىياجى

بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم تىلغا ئېلىنىدى) «ناخشا ـ ئۇسسۇل»، «مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش»، «ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىش، تەرەققىيات تارىخى بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىش مۇساپىسى داۋامىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى ۋە تېرىقچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشى، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن بىرىكىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دولان مەدەنىيىتىنىڭ پەيدا بولۇشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىرى دولان مەدەنىيىتىدە قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئامىللىرى ساقلىنىپ قالغان ھەمدە ئۇ ئەتراپتىكى كۆپلىگەن ھەرخىل ئىرق، تىل سىستېمىسىدىكى ئاھالىلەرنىڭ مەدەنىيەت ئامىللىرىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۆزلەشتۈرگەن بولۇپ، تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلغان. شۇڭا، بۇ مەدەنىيەت روشەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن ئورتاق بىر گەۋدىگە ئىگە.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىدە دولان مەشرەپلىرى (دولان مۇقاملىرى)مۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا ۋە ئۆزگىچە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. دولان مەدەنىيىتىنىڭ ئىجادچىسى ۋە ۋارىسلىرى بولغان ئۇيغۇر دولانلىرى تارقالغان رايونلار دەل ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ مەركىزىي رايونلىرىدۇر.

ئۇيغۇر دولانلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ بارا ـ بارا يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ ۋە تەدرىجىي چوڭقۇرلىشىپ، ھازىرقىدەك مەلۇم ساندىكى تەتقىقات قوشۇنىغا ئىگە بولدى ۋە مەلۇم جەھەتتىن باشقىلار قايىل بولغۇدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئەمما، تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، چەمبەر قانچە چوڭايسا ئەتراپىدىكى

بوشلۇقمۇ شۇنچە كېڭىيىپ بارغىنىدەك، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر تۈركۈم يېڭى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. بىز پەقەت قولىمىزدىكى تارىخىي ماتېرىياللارنى ئاساس قىلغان ھالدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، كۆپ قىرلىق ئومۇمىي تەتقىقاتقا سەل قاراپ كەلدۇق. ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ تارىخى، ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدىكى تەتقىقاتتا تېخى خېلى كۆپ بوشلۇقلار بار. بىر پۈتۈن مەدەنىيەت گەۋدىسى بويىچە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىمىزدىمۇ دولان مەشرەپ (مۇقام) لىرى تەتقىقاتىغا دىققىتىمىزنى كۆپرەك ئاغدۇرۇپ، «ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەك»، «قول ھۈنەر ـ سەنئىتى»، «ئۆي قۇرۇلۇشى»، «مىللىي چالغۇلار»، «قورال سايمانلار»، «ئەنئەنىۋى يېمەك ـ ئىچمەك»، «تىل شېۋە»، «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»، «ئۆرپ ـ ئادەت» قاتارلىق تۈرلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىنچىكە تەتقىقاتقا، ئەڭ مۇھىمى ئارخېئولوگىيە ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتىغا سەل قاراپ كەلدۇق. بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم كىشىلەرنى «دولان مەدەنىيىتى ئاساسلىقى دولان مەشرەپ (مۇقام) لىرىدىن ئىبارەت» دەيدىغان خاتا قاراشقا كەلتۈرۈپ قويدۇق.

دەرۋەقە، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئوق يىلتىز قىلىپ شەكىللەنگەن دولان مەدەنىيىتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە ئانا مەدەنىيەت بىلەن بولغان ئوخشاشلىق ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىك ئاساسىدا شەكىللەنگەن قىسمەن پەرقلەرمۇ بار. شۇڭا، بەزى تارماق مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەتقىقاتنى زىيادە ئەزۋەيلەشنىڭ، ئارتۇقتىن ئارتۇق كۈچ، زېھىن سەرپ قىلىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق. ئەمما، بەزى مۇجمەل، نائېنىق تەرەپلەر، بىر قىسىم كىشىلەر كۆتۈرۈپ يۈرگەن تارىخىي پاكىتلارغا ۋە بۈگۈنكى ئىتتىپاقلىق ئىدىيەسىگە زىت بولغان ناتوغرا كۆز قاراشلارغا قايىل قىلارلىق دەلىل ـ ئىسپات ۋە تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق رەددىيە بېرىش، ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا بۈگۈنكى ئىقتىسادىي

تەرەققىيات ۋە ئىناق جەمئىيەت ئۈچۈن تېگىشلىك خىزمەت قىلدۇرۇش مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچىدۇر!

**ئىزاھاتلار:**

① «مارالبېشى ناھىيەسى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى 9 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى، 843 ـ بەت

② ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى3 ـ ئاي نەشرى، 23 ـ بەت

# ئاۋات دولان مەشرىپىنىڭ تۈرلىرى ۋە ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا

يەكەن دەرياسىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىن تارىم دەرياسىنىڭ لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلۇش ئېغىزىغىچە بولغان پايانسىز توغراق، يۇلغۇن، قۇملۇقنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان تۇزلەڭ ساھىلىنى ئۆزىگە ئانا ماكان قىلىپ ياشاپ كەلگەن بىر تۈركۈم ئۇيغۇر قوۋمى ياشاش مۇھىتى ناھايىتى جاپالىق بۇ رايوندا ئۆز ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا توغراق كەبى قەيسەر ھالدا تەبىئەت بىلەن تىنىماي كۈرەش قىلىپ، ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈپ كەلدى. جۇغراپىيەلىك رايون ئالاھىدىلىكىدىن كۆرە ئۆز مەۋجۇتلۇق تارىخىغا بەكرەك مۇناسىۋەتلىك بولغان «دولانلار» ئاتالمىسى بىلەن (بۇ ھەقتە كۆز قاراشلار بىرقانچە خىل) سۈپەتلىنىپ كېلىۋاتقان بۇ ئىجتىمائىي ئاھالە تۈركۈمى ئۇن نەچچە ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا يالغۇز ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىققا ئائىت مول ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ئېكولوگىيەسىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۆزلىرىنىڭ ياشاش ئۇسۇلى، مەۋجۇتلۇق روھى، ئېتىقادى، ئۆرپ ـ ئادىتى، ئەخلاق ـ قائىدىلىرى، بەدىئىي زوقى ۋە ئېستېتىك ئىنتىلىشلىرى مۇجەسسەملەنگەن «دولان مەشرەپلىرى» نى مۇ ئاپىرىدە قىلىپ، باي ۋە مۇرەككەپ بولغان ئۆزگىچە دولان مەدەنىيىتىنى بېيىتىپ كەلدى.

دولان مەشرىپى ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرىگە ئوخشاشلا فولكلور خەزىنىمىزدىكى بىباھا گۆھەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، دولان مەدەنىيەت چەمبىرىكىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلغان

ئاۋات، مارالبېشى، مەكىت رايونلىرىدىكى قۇرغاق مۇھىتتا ياشاپ كېلىۋاتقان بۇ ئۇيغۇر قوۋمىنىڭ تۇرمۇشىنى مەشرەپسىز تەسەۋۋۇر قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، مەشرەپ ئۇلارنىڭ بارلىقى، بىز ئىزدىگەن ھەر قانداق نەرسە ئۇلارنىڭ مەشرىپىدىن تولۇقى بىلەن تېپىلىدۇ. ماقال سۆپىتىدە ئۆزلىشىپ كەتكەن «بالاڭنى مەكتەپكە بەر، بولمىسا مەشرەپكە بەر» دېگەن بۇ جۈملە سۆزدە مەشرەپ ھەتتا مەكتەپ بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇلغان بولۇپ، قاتناشقانلىكى كىشىنى تەربىيەگە ئىگە قىلىدىغان بۇ «مەكتەپ» نىڭ «دەرسلىك» لىرى ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى مول. دولان مەشرىپى دولان مۇقاملىرىدىن باشقا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەۋە بولغان قوشاق، بېيىتلار؛ تىياتىر سەنئىتىگە تەۋە بولغان تۇرلۇك ئويۇنلار؛ ئىجتىمائىي ئەخلاق كاتېگورىيەسىگە تەۋە بولغان ئەخلاقىي قائىدە ـ تۈزۈملەر؛ مۇشۇ قوۋمنىڭ مەدەنىيىتىنى شەرھلەپ بېرىدىغان كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىق ناھايىتى مول مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان كاتتا قامۇس بولۇپ، ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ھەربىر تىنىقى مەشرەپ بىلەن چەمبەرچاس بىرىكىپ كەتكەن ھەمدە ئۆزىنىڭ بەدىئىي تارىخىي قامۇسى بولغان دولان مۇقاملىرىنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئۆگىتىپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. مۇقام ئارىلىقىدا ئوينىلىدىغان تۈرلۈك مەشرەپ ئويۇنلىرى ۋە جازا ئويۇنلىرى ئارقىلىق ئاددىي ئويۇنلارنى سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، مۇقام تېكىستلىرى بولغان خەلق قوشاقلىرى ۋە بۇ خىل ئويۇنلارنى ۋاستە قىلغان ھالدا خەلق ئاممىسى ئارىسىدىكى راستچىللىق، ئاق كۆڭۈللۈك، ۋاپادارلىق، چېچەنلىك، ئەمگەكچانلىق، باتۇرلۇقنى مەدھىيىلەش بىلەن بىرگە ئاچ كۆزلۈك، زالىملىق، ئەخمەقلىق، ئەخلاقسىزلىق قاتارلىق قىلمىشلارنى دەل جايىدا قامچىلاپ، روھىيەت تارازىسى سۈپىتىدە خەلقنىڭ مەنىۋىيىتىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ كەلگەن. «ناماقۇللۇق مەشرىپى» (ئاداۋەت يۇيۇش مەشرىپى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قاتارلىق

تۇرلىرى ئارقىلىق بەزىبىر باھانە سەۋەبلەر بىلەن ئارازلىشىپ قالغانلارنى قايتىدىن ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، مەنىۋى ھەمدەملىك ۋە چوڭقۇر مۇھەببەت ئاساسىدىكى تەبىئەت بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئىلگىرى سۈرۈلۈشى، شۇ ئاساستا تاماققا سىپىلىنغان تۇزغا ئوخشاش جەمئىيەتنىڭ ساغلاملىقى ۋە مۇۋازىنىتىنى تەڭشەپ تۇرۇشقا غايەت زور تۆھپە قوشقان.

قۇرغاق ۋە جاپالىق مۇھىت، پايانسىز كەتكەن ئىپتىدائىي توغراقلىق، كەلكۈن ئاپىتى، قاتناش قولايسىزلىقى ۋە باشقا سەۋەبلەر كەڭ دائىرىدىن ئېيتقاندا يەكەن، شايار، بۈگۈر، لوپنۇر... لارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دولانلار رايونىدا ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزئارا رايون پەرقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ پەرق تەبىئىي ھالدا دولانلارنىڭ شېۋىسى، تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادىتى قاتارلىقلاردا ئازدۇر ـ كۆپتۇر كۆرۈلۈپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى سەنئەت شەكلى بولغان مەشرەپلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئاۋات دولان مەشرىپى — يەكەن دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى چەكسىز توغراقلىقتا «ئاۋات» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بۇ زېمىننى ئۆزىنىڭ ياشاش چەمبىرىكى قىلىپ، تەبىئەت قوينىدا تاۋلىنىپ پىشقان ئاۋات ئۇيغۇرلىرىنىڭ جانلىق سەنئەت شەكلى بولۇپ، ئۇلار بۇ سەنئەت شەكلى ئارقىلىق ئۆز قايغۇ ـ شادلىقلىرى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئىپادىلەپ، قۇرغاق مۇھىتتىكى چەكسىز تەشنالىق ۋە مەنىۋى ئېچىرقاشلىرىنى قاندۇرۇپ كەلگەن. كەلكۈن مەزگىلىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان قاتناش ئۈزۈكچىلىكى تۈپەيلى يەكەن دەرياسىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قىرغىقىدىكى دولانلارنىڭ ئورتاق مەدەنىيەت قامۇسى ھېسابلانغان دولان مەشرەپلىرى كاتېگورىيەسىدىكى ئاۋات دولان مەشرىپىمۇ تەدرىجىي ھالدا ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىك ۋە خاسلىققا ئىگە مەشرەپ بولۇپ شەكىللەنگەن.

## ئاۋات دولان مەشرەپلىرىنىڭ تۈرلىرى

دولان مەشرەپلىرى ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرى ئىچىدىكى باي مەزمۇنغا ئىگە بىر پۈتۈن سىستېما بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خاراكتېرى، مەقسىتىگە قاراپ بىر قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ، بۇ مەشرەپلەر ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىكلەر بىلەن باشقا جايلاردىكى مەشرەپلەردىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. ئاۋات دولان مەشرەپلىرى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرگە ئايرىلىدۇ.

## نورۇز مەشرىپى

نورۇز مەشرىپى دائىرىسى كەڭ، نەچچە ئون مىڭ كىشى قاتنىشىدىغان، ھەتتا پۈتۈن ناھىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان، چوڭ سورۇن تۈزۈلۈپ داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپ. بۇ مەشرەپ ھەر يىلى يېڭى يىل كىرىشى بىلەنلا يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش، قىشتىكى بىكارچىلىقنى ئۆزىتىپ، ئەتىيازلىق ئەمگەكنى باشلىۋېتىش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئادەتتە ھەر يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىكى نورۇز بايرىمىدىن بىرەر ھەپتە، كۆپ بولغاندا بىرەر ئاي بۇرۇن باشلىنىپ، ناھايىتى قىزغىن داۋاملىشىپ بايرام مەزگىلىدە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىدۇ. ئاندىن، ھەممەيلەن يېڭىچە ئارزۇ ـ ئۈمىد ۋە غەيرەت ـ جاسارەت بىلەن ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا كىرىشىپ كېتىدۇ. بۇ مەشرەپ ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن ئىلگىرىكى چاغلاردىن باشلاپلا داۋاملىشىپ كەلگەن، ئاۋات خەلقى ھەر يىلى بۇ بايرامنى ئۆتكۈزىدۇ.

نورۇز مەشرىپىدە چاقپەلەك قادىلىدۇ. چاقپەلەك ئويۇنى ئاۋات ناھىيەسى قاتارلىق بىر قانچە جايدىلا ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، مەكىت، مارالبېشى ناھىيەلىرىدە بۇ ئويۇننى «سارغايدى» دەپ ئاتايدۇ. چاقپەلەك مەيدانى كەڭرى تۈزلەڭلىككە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ،

ئويۇن ـ تاماشا، سودا ـ تىجارىتى ئۇچۇن ناھايىتى چوڭ سورۇن ھازىرلىنىدۇ. چاقپەلەك مەيدانىغا پۈتۈن ناھىيەدىكى ئاشپەز، ناۋاي، ئۆپكە ـ ھېسىپچى، كاۋاپچى، سودىگەرلەر دۇكانلىرىنى يۆتكەپ كېلىدۇ. نەچچە ئونلىغان جايغا چېدىر تىكىلىپ، سورۇن ـ سورۇنلاردا مەشرەپ ئوينىلىدۇ. بۇ مەشرەپ خاراكتېر جەھەتتىن باشقا مەشرەپلەردىن پەرقلىنىدىغان بولۇپ، مەشرەپ ئۇسسۇلىدىن باشقا مەشرەپ ئويۇنلىرى ۋە جازا ئويۇنلىرى ئوينالمايدۇ. ھەر قېتىمدا 30 ~ 60، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش سورۇنغا چۈشۈپ ئوينايدۇ.

سورۇن شۇنداق قىزىپ كېتىدۇكى، مىرىۋازلار ئىچىگە ئۇششاق تاش سېلىنغان چۆچەكلىرىنى ئۇسسۇلچىلارنىڭ بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ شاراقلىتىپ تولغاۋاتقان، نەغمە ناۋالار كىشىلەرنىڭ زوقىنى قوزغاپ، ئۇسسۇلچىلار ئۈزلۈكسىز كەينى ـ كەينىدىن مەيدانغا چۈشۈپ ئويناۋاتقان، قىز ـ يىگىت چاقپەلەكتە بەس ـ بەستە ئۇچۇشۇۋاتقان، بەيگىچىلەر ئات چاپتۇرۇپ ئوغلاق تارتىۋاتقان، پالۋان سۈپەت يىگىتلەر چېلىشىۋاتقان، بۇقا، قوچقار، توخۇلار سوقۇشتۇرۇلۇۋاتقان، قىزىقچىلار تىنىماي ماھارەت كۆرسىتىۋاتقان، تىجارەتچى، ئاشپەز، ناۋايلار خېرىدار چاقىرىپ تولۇپ قاتقان، بىرلىكتە ئىناقلىق، باراۋەرلىك ئاساسىدا نەچچە مىڭ، ھەتتا نەچچە ئون مىڭ كىشى ئۆتكۈزۈلىدىغان، تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىش، تەبىئەتنى سۆيۈش ئەنئەنىسى جارى قىلدۇرۇلۇۋاتقان بۇ قىزغىن كۆرۈنۈش ئىختىيارسىز ھالدا كىشىنى باشقا بىر غەم ـ قايغۇسىز دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلدۇرىدۇ. گاھى يىللىرى ئاۋات ناھىيەسىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان نورۇز مەشرىپىگە قاتناشقىلى ھەتتا كۇچا، شايار، توقسۇ، مارالبېشى، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ قاراتال، بەشتۇگمەن قاتارلىق جايلىرىدىنمۇ نۇرغۇن ئادەملەر كېلىدۇ.

# توي ـ تۆكۈن مەشرەپلىرى

تـوي ـ تۆكۈن مەشـرەپلىرى نـىكاھ تـويـى، جۇۋان تويـى، ئـات تويى، خەتنە توي، ئۆي چىيى قاتارلىقلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان بولـۇپ، هـەممىسـىدە مېهـمانلار چاقـىرىلـىـپ، تائام تـارتـىلىـپ، سـورۇن هازىرلىنىدۇ. دائىرىسى مەشرەپ بەرگۈچىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى قاتارلـىقلارغا قـاراپ ئوخشاش بـولمايدۇ. ئـات تويى، خەتـنە توي، ئۆي چـىيى قـاتـارلىقـلار نـىسبـەتـەن كىچـىـك دائىرىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. جۇۋان تويى بىلەن نىكاھ تويى خاراكتېـر جەھـەتتىن ئـۆزگىچىـلىكـكـە ئىگـە بـولغاچـقـا، (تەرەققـىـياتـىـغـا ئەگىشىپ، بىر قىسىم ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىز يوقـىلىـپ، بۇ تويـلار يېڭىچە ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلىدى) ئۆتكۈزۈلۈش شەكلى، قائىـدە ـ يوسۇنلىرى ۋە مەشرەپلىرى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

جۇۋان توي مەشرىپىدە جۇۋان قىلغۇچى تەرەپ يۇرت ئـەھلىنى ئۆيمۇ ئۆي بىرىپ تويغا ئېيتىدۇ. بۇ تويىنىڭ نـامى «چاشۋاق تـوي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. جۇۋانـىنىڭ ئېرى ھەرقانچـە نامرات بولـسىمۇ، بۇ تويىنى چوقۇم قىلىدۇ ھەم جامائەتـىنىڭ ئالـدىدا جۇۋانىـنىڭ يۈزىـنى ئاچىدۇ. تويغا كەلگۈچىلەر توققۇز دانە نان بىلەن بىر قول ياغلىقتا توشقۇدەك ئالما چىگىپ ئېلىپ كېلىدۇ، ھېچبولمىغانـدا ئىككى، ئـۈچ دانە ئالمـا بولسـىمۇ ئېلـىپ كېلـىشى شەرت. تـويدا تاماقـلار تـارتىلـىپ بولغـۇچـە مەشرەپ ئۆتـكۈزۈلـىدۇ. مـەشرەپتـە جـۇۋان بولغۇچى قاشلىرىنى تېرىپ، يۈزلىرىگـە ئۇپا ئەڭـلىك سۈرتـۈپ، بېشـىغا قاش، نۆھ قـاداپ، چېچـىغا گۆيەك ئـېسىپ، ئـەڭ ئېسـىل كـىيىم ـ كېچـەكلىرىـنى كـىيـىپ، ئۇسـسۇلغا چۈشـىدۇ. تويغـا كەلـگۈچىلـەرنىڭ ھـەممـىسـى دېگۈدەك بەس ـ بـەسـتە ئۇسـسۇل ئوينىشىدۇ. تويغا چاقىرىلمىغانلار ئادەتـتە كەلمـەيدۇ (ھازىر بـەزى ئـادەتـلىرىـمـىز سۇسـلـىشـىپ جـۇۋان توي مـەشـرىـپى ئاسـاسـەن ئۆتكۈزۈلمەيدىغان بولۇپ قالدى).

نىكاھ تويىدىكى مەشرەپلەر بىر قەدەر كەڭ دائىرىلىك ئۆتكۈزۈلىدۇ. كۈندۈزى ئەتىگەندىن كەچكىچە قىزنىڭ ئۆيىدە مەشرەپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. توي تاماملىنىپ قىزنى يۆتكەپ كەتكەندىن كېيىن، ئاخشىمى يىگىتنىڭ ئۆيىدە مەشرەپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. كۈندۈزدىكى مەشرەپكە تويغا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى قاتنىشىدۇ. يىگىتنىڭ ئۆيىدە ئاخشىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپكە يىگىتنىڭ مەھەللىسىدىكىلەر قاتنىشىدۇ. مارالبېشى ناھىيەسىدە نىكاھ تويلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئوغلاق ئويۇنى ئوينىلىدۇ. تويغا ئېيتقۇچى مېھمانلارنى توي بىلەن ئوغلاق ئويۇنىغا تەڭ چاقىرىدۇ. تويغا كەلگۈچىلەر ئاتلىرىنى مىنىپ كېلىپ ئوغلاق ئويۇنى ئوينايدۇ. ئېتى يوقلار ۋە ئاياللار مەشرەپ ئوينايدۇ. ئوغلاقنى قىز تەرەپ تەييارلايدۇ. ئوغلاق ئويۇنى مەشرەپ ئويۇنىنىڭ بىر خىل ۋاستىسى بولۇپ، ئوغلاقنى سېلىپ بەرگۈچى كىشى «ئالغان ئالغاننىڭ» دېگەن بولسا ئوغلاقنى كىم ئېلىپ كەتسە، ئۇ شۇنىڭ بولىدۇ. توي ئىگىسى يەنە ئوغلاق سېلىپ، ئەگەر ئۇ «ئالغان ئالغاننىڭ» دېمەستىن ئوغلاقنى بىرەرسى ئېلىپ قاچقان بولسا، شەرەپ ئېلىپ قاچقۇچىنىڭ بولىدۇ. لېكىن ئۇ ئەتىسى بىر ئوغلاققا يانداپ تۆت ـ بەش ئوغلاق سېلىپ، كەچتە بىر ئاخشام مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ (ھازىر زامانىۋى مەدەنىيەت ۋە باشقا تۈرلۈك ئامىللارنىڭ تەسىرىدە مەيلى ئاۋات ياكى مەكىت، مارالبېشى ناھىيەلىرىدە بولسۇن، تۆي ـ تۆكۈنلەردە ئاتلىقلار توپى ئىلگىرىكىدەك سۈر ـ ھەيۋە بىلەن دۈپۈرلىشىپ ئوغلاقنى ئېلىپ قاچىدىغان ئادەتلەر ئاساسەن تۈگەشكە يۈزلەندى).

## تەكلىپ مەشرىپى

تەكلىپ مەشرىپى (قوشما مەشرەپ دەپمۇ ئاتىلىدۇ). بىرەر ئائىلىدە ئوغلى چوڭ بولۇپ يىگىتلىك قۇرامىغا يەتكەن بولسا، ئۇنى ياش يىگىتلەر توپىغا قوشۇپ قويۇش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ئاتا ـ ئانىلار ئوغلى چوڭ بولغاندا مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ، «جامائەت، مېنىڭ بالام بۈنىڭدىن كېيىن يۇرتقا قوشۇلۇپ قالسا» دەپ ئۇنى يىگىت بېشىدىن يىگىتلەر توپىغا قوشۇۋېلىشنى ئۆتۈنىدۇ. يىگىت بېشى كۆپچىلىككە دەپ، كۆپچىلىك قوشۇلغاندىن كېيىن ئۇنى ياشلار توپىغا قوشۇۋالىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ يىگىتلىك قۇرامىغا يەتكەن ھېسابلىنىپ ياشلار قاتارىغا قوشۇلۇپ ياشلار ئارىسىدا بىر كىشىلىك ھۆرمەتكە ئىگە بولۇپ، گەپ ـ سۆزلىرى ئىناۋەتكە ئېلىنىدۇ. سودا ـ سېتىق، ئېلىم ـ بېرىم ئىشلىرىدا ئائىلىسىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان سالاھىيەتكە ئېرىشىپ، جەمئىيەتنىڭ ھوقۇقلۇق ئەزالىرى قاتارىغا ئۆتىدۇ (ئايرىم ئائىلىسى بولسا ئۆز ئائىلىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئايرىم ئائىلىسى بولمىسا چوڭ ئۆيدە ئاتىسى، ئاكىلىرى بولمىغان شارائىتتا شۇ ئائىلىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ). يەنە بىرى، يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەھلى بۇرادەرلىرىنى قولۇم ـ قوشنا، ئەل ـ جامائەتكە تونۇشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن كۆپچىلىككە مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بىرەر ئائىلىدە بالىسىنىڭ چوڭ بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپ قىز بالىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. قىز بالا چوڭ بولۇپ بالاغەتكە يەتكەندە، مەشرەپلەرگە يالغۇز ئەۋەتىلمەيدۇ، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن، ياتلىق بولغاندىن كېيىن يولدىشى بىلەن بىرگە بارىدۇ، يىراق يېقىندىن كەلگەن ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەل ـ ئاغىنىلىرىنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن مەشرەپتىمۇ ئەرلەر ئاساس قىلىنىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ قىز ـ ئاياللارنى تۆۋەن كۆرگەنلىك بولماستىن، بەلكى ئەخلاق ـ پەزىلەت، غۇرۇر ۋە مەردانىلىكنى ئۆزلىرىگە چىن ئىنسانىي سۈپەت دەپ بىلگەن ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ خاراكتېرىدىكى ئۆزگىچىلىك بولۇپ، قىزنى باشقىلارغا تونۇشتۇرغاندا ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى پەردىشەپكە تەسىر يېتىدۇ، ئەڭ مۇھىمى

باشقىلارنىڭ ئالدىدا قىزىنى بازارغا سالغاندەك ئىش بولىدۇ، دەپ قارىغانلىقىدىن بولىدۇ.

## ناماقۇللۇق مەشرىپى

ناماقۇللۇق مەشرىپى ئادەتتە مەشرەپتە ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغۇچى كىشى كۆپچىلىكتىن ئەپۇ سوراش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان مەشرەپ بولۇپ، مەشرەپتىكى ئەرزىيەت ئويۇنى ئۇستىدە چىقىرىلىغان ھۆكۈمگە ئاساسەن چوڭراق سەۋەنلىك ئۆتكۈزگۈچىلەر جامائەتكە داستىخان سالىدۇ. مەشرەپتىن قوغلانغانلار بولسا، ئۆزلۈكىدىن مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ ناماقۇل بولىدۇ. مەشرەپنىڭ دائىرىسى قايسى دائىرىدە خاتالىق ئۆتكۈزسە شۇ دائىرىدە بولىدۇ.

## ئاداۋەت يۇيۇش مەشرىپى

بىر يۇرتتا ئىككى كىشى ئاداۋەتلىشىپ قالسا، سەۋەنلىك ئۆتكۈزگۈچى خاتالىقىنى تونۇغاندىن كېيىن، مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى بويىنىغا ئېلىپ، رەنجىگۈچىدىن ئەپۇ سوراپ ئۇنىڭغا چاي تۇتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاداۋەت يۇيۇلۇپ، مۇناسىۋەت ئەسلىگە كېلىدۇ. چوڭ ـ چوڭ زىددىيەتلەرمۇ بۇ ئارقىلىق ھەل بولۇپ كېتىدۇ. ئىسلام شەرىئىتىدە «مۇسۇلمان مۇسۇلمانغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتسا يامان بولىدۇ» دەيدىغان ئادەت بولغاچقا، ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار تۈپەيلى ئارازلىشىپ قالغانلار ئۆزى يارىشىپ بولالمىغاندا، ئىككى تەرەپنىڭ يېقىنلىرى باش قوشۇپ، بىر ئاماللار بىلەن بۇ ئىككىيلەننى بىرەرسىنىڭ ئۆيىدە داستىخان ياكى سورۇنغا جەم قىلىپ ياخشىلاشتۇرۇپ قويىدۇ. بۇ مەشرەپ ئىتتىپاقلىق ـ ئىناقلىق رىشتىسىنى چىڭىتىپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ھەمكارلىشىپ بىر ـ بىرىگە

خالىس ياردەم بېرىدىغان ئۆملۈك روھىنى كۆچەيتىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## قارلىق مەشرىپى

قارلىق مەشرىپى تۇنجى ياغقان قارنى مۇبارەكلەپ ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپ بولۇپ، بىر ياكى بىر نەچچە كىشى بىرلىشىپ، بىر پارچە قەغەزگە بېيىت يېزىپ قولۇم ـ قوشنا ياكى ئەل ـ ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆيىگە بىرەيلەندىن ئەۋەتىدۇ. بېيىتكە مەشرەپتە يەيدىغان يېمەك ـ ئىچمەكتىن تارتىپ سازچى، ئۇسسۇلچى، چېلىنىدىغان ساز تۈرلىرى، ئوينىلىدىغان ئويۇن قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يېزىلىدۇ. بۇ كىشى قارلىقنى ئېلىپ مەلۇم باھانە بىلەن قارلىق تاشلىماقچى بولغان ئائىلىگە كىرىپ، قارلىقنى كىگىزنىڭ قېتى ياكى دەرھال كۆرۈپ قالمىغۇدەك بىر يەرگە تىقىپ قويۇپ، خوشلىشىپ تالاغا چىققاندا، ئۆي ئىگىسىدىن سەل يىراقلىۋېلىپ، «قارلىق بېسىۋالمىسۇن» دەپلا قاچىدۇ. ئۆي ئىگىسى قارلىقنى تاپماي تۇرۇپ، قوغلاشقا بولمىغانلىقتىن، قارلىقنى ئىزدەپ تېپىپ ئاندىن ئۇنى قوغلايدۇ. بۇچاغدا قارلىق تاشلىغۇچى يىراقلاپ كەتكەن بولىدۇ. يەنە، بەزىلەردە پولۇ ئېتىپ چىنىنىڭ ئاستىغا خەتنى قويۇپ ئۈستىگە تارشا (نېپىز پەنەركە) قويۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پولۇ ئۇسۇپ كىرىدىغان ئادەتلەرمۇ بار. بۇ ئاساسەن قولۇم ـ قوشنىلار ئارا بولىدۇ. ئەگەر قارلىق تاشلىغۇچىنى تۇتۇۋالسا يۈزىگە قارا سۈرتۈپ، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ، مەھەللىمۇ مەھەللە سازايى قىلىپ، كىشىلەرگە تاماشا قىلدۇرۇپ، ئاندىن قويۇۋېتىدۇ. تۇتۇلۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن قارلىق تاشلىغۇچى مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ ھەمدە قويغان شەرتلەرنى ئۆزى ئورۇندايدۇ. ئەگەر تۇتۇلمىسا، قارلىق بېسىۋالغۇچى قارلىقتىكى تەلەپلەر بويىچە تەييارلىق قىلىپ، مەشرەپ ئۆتكۈزىدۇ. ئادەتتە بۇ ئويۇن تۇنجى قاردىن باشقا ۋاقىتتا

ئوينالمايدۇ. قارلىقنامىنىڭ قېلىپلاشقان شەكلى بولمايدۇ. ھەر كىم ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىگە يارىشا، ئوخشاشمىغان سەۋىيەدە يازسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن قىزىقارلىق ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن مىللىي پۇراق چىقىپ تۇرىدۇ. تۆۋەندە قارلىقنامىنىڭ بىر پارچە ئۈلگىسى بېرىلدى:

## قارلىقنامە

ھەقتى ئاللا ھۆرمىتىدىن ياغدى كۆكتىن تۇنجى قار،
قىلدى پاك قار يەر يۈزىگە ھەم ئۆزىنى ئاشكار.
قىلغىلى چۆللەرنى بوستان، ئول ئىگەم ياغدۇردى قار،
قاردا قارلىق تاشلىماق بولدى قەدىمدىن بىزگە يار.
يوقىتىپ غەم ـ قايغۇنى چاچقاي ئىناقلىق بۇ ئويۇن،
كۆچكۈسى يۈرتتىن ئازار، غەلۋە ـ غۇدۇر دېگەن قۇيۇن.
قاردا قارلىق تاشلىدۇق، دوستلۇق ئويۇنى باشلىدۇق،
ئەل – جامائەت جەم بولۇپ، كۆڭلىمىزنى خوشلىدۇق.
يەتكۈزۈشكە نامىنى چاققان، زېرەكنى تاللىدۇق،
نامە بىرلە شەرتىمىزنى سىزگە بايان ئەيلىدۇق.
بارسا نامە سۇنغۇچى، ھوشيار بولۇپ تۇتۇڭ ئۇنى،
پەم ـ پاراسەت ئىشلىتىپ، كۈچكە تولۇپ تۇتۇڭ ئۇنى.
تۇتسىڭىز ئەگەر، بوياپ، سۈرتۈپ قارىنى يۈزىگە،
مىندۈرۈپ ئېشەككە تەتۈر، كۆرسىتىڭ ئەل كۆزىگە.
سىزگە تەلەي يار بولۇر، قىلايلى بىز شەرتنى ئادا،
سىز بولۇرسىز بىزگە مېھمان، ياڭرىغاي نەغمە ـ ناۋا.
گەر تۇتالماي قالسىڭىز ئورۇندىغايسىز شەرتىنى،
ئوتتۇزئوغۇل بارىمىز قىلىپ ئۆگۈن كەچ پەتىنى.
مول ھوسۇل ئالغاچقا ھەممە شاد ـ خۇرام، مەمۇرچىلىق،
قوي قوتاندا، ئۇن تاغاردا، پۇل ـ پۈچەك ساندۇقتا لىق.
راسلىغايسىز داستىخاننى مول قىلىپ، بىلمەي سېلىق،

قىنى ئاڭلاڭ شەرتىمىزنى بىرمۇبىر، قۇلاق سېلىپ:
يەتتە سېۋەت پىستە، بادام، ئالما، ئەنجۈر ھەم ئانار،
ئون تاغارتاۋۇز ـ قوغۇن، ئۈزۈم، توخۇ، تۇخۇمۇ بار.
چاي، ھەسەل، قاتلىما نان، ياخشى مۇسەللەس بەش كوزا،
قىلغىلى قورداق، كاۋاپ ھەم ئۆلتۈرۈڭ ئالتە قوزا.
ئابلا ئىمام، ئېزىز ئابلىز، ئىمىر ئىبراھىم، بارات،
ئابدۇقادىركام، مەمەت يۇنۇس، ئىمىن، نەمەت راۋاب.
نەغمىچىنىڭ ئۈستىسى شۇ، يەنە دورغا، مىرىۋاز،
شۇندا راسا قىزىغاي بەزمە ـ سورۇن ۋە نەغمە ـ ساز.
داستىخاندا نەچچە تۈرلۈك نازۇ ـ نېمەت ۋە تائام،
ئايلىنىپ تۇرسۇن مۇسەللەس جامى ئەيلەپ ئېھتىرام.
تۇنجى قاردا چىڭىتايلى دوست ـ ئىناقلىق بېغىنى،
كۆتۈرەيلى بىللە مۇشكۇل ۋە جاپانىڭ تېغىنى.
نامىمىز بولدى تامام، چاقچان كىشى بەك ئۆزلىرى،
گەر تۇتالماي قالسىلا، تەكلىپتە بولسۇن سۆزلىرى.

ئايباغ يېزا تۆۋەنكى كۇلاستىكى ئەسەت تۇگمەنچى قاتارلىق يۇرت ئەھلىدىن

ھىجىرىيە 1393 ـ يىلى زۇلھەججەنىڭ ئون ئىككىنچى كۈنى

## قاتارى مەشرەپ

قاتارى مەشرەپنى «دولان مەشرىپى» دېگەن ئومۇمىي نام بىلەن ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. چۈنكى قاتارى مەشرەپ ئاۋات ناھىيەسىدە تارىختىن بۇيان ئەڭ كۆپ ئوينىلىپ كەلگەن، كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە، مەزمۇنى نىسبەتەن مول، قائىدە باسقۇچلىرى بىر قەدەر تولۇق شۇنداقلا مەزمۇن ۋە ۋاقىت چەكلىمىسىدىن خالىي ھالدا بىر قەدەر ئىختىيارىي ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان مەشرەپلەرنىڭ بىرى، شۇڭا ۋەكىللىك ئاساستا بۇ مەشرەپنى تەپسىلىي

تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

ئاۋات رايونىدىكى ئۇيغۇر دولانلىرى باشقا جايلاردىكى ئۇيغۇرلارغا ئوخشاشلا مېھماندوست ۋە قىزغىن بولغانلىقى ئۈستىگە، ئاپتونوم رايون ئىچى ـ سىرتىغا داڭلىق بولغان ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلات ـ مۇسەللەس قايىنىتىپ، مەشرەپلەردە دوست، بۇرادەرلىرى بىلەن ئىچىپ كۆڭۈل ئېچىش ئادىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن، بۇ مەشرەپ دېھقانچىلىق ۋە باشقا ئىشلار ئاخىرلاشقان قىش پەسلىدىكى بىكارچىلىق ۋاقىتلىرىدا شۇنداقلا ئەھۋالغا قاراپ باشقا چاغلاردىمۇ ئىختىيارىي ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ مەشرەپنى كىشىلەر نۆۋەت بىلەن ئۆزلۈكىدىن قىلىپ بېرىدۇ. بۇ شۇ كىشىنىڭ يۇرت ئىچىدىكى ئادەمگەرچىلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئابرۇيى، ئىناۋىتىگىمۇ ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. دولانلار قولى ئوچۇق، سېخىي، مەرد قوۋم بولغاچقا، باشقىلارنىڭ مەشرىپىنى ئويناپ، ئۆزى مەشرەپ بېرەلمىسە باشقىلار ئارىسىدا يۈزى چۈشۈپ كەتكەندەك ھېس قىلىپ ناھايىتى بىئارام بولىدۇ. شۇڭا، كۆپىنچە ھاللاردا قىش كۈنلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قاتارى مەشرەپ قىلىپ، قىزىقارلىق ئويۇنلار بىلەن كۆڭۈل ئاچىدۇ. مەشرەپ مەزمۇنى بىر قەدەر مول بولۇپ، مەشرەپتە ئۇسسۇلدىن باشقا پوتا ئويۇنى، ئەرزىيەت (جازا) ئويۇنى ۋە باشقا ھەر خىل تەقلىدىي ئويۇنلار تولۇق ئوينىلىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا ئالدىنقى قېتىملىق مەشرەپ ئاخىرلىشىش ئالدىدا كېلەر قېتىملىق مەشرەپنىڭ ئورنى ۋە ۋاقتى ئېنىق بېكىتىلىپ شۇ يەردىكى بارلىق قاتناشقۇچىلار تەكلىپ قىلىنىدۇ. بۇنىڭدا ئاۋۋال مەشرەپ بەرگۈچى كىشى يىگىت بېشىغا ئىلتىماس قىلىدۇ، مەشرەپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان 5 ~ 6 كىشىنىڭ ئىسمى يېزىلغان قەغەز قاپاق (باراڭدا ئۆستۈرۈلىدىغان قاپاق) ئىچىگە سېلىنىپ، چەك تارتىلىدۇ، يىگىتبېشى نەق مەيداندا كېلەر قېتىم مەشرەپ بەرگۈچى كىشىنىڭ ئىسمىنى ئوقۇيدۇ، مەشرەپ بېرىش شەرىپىگە ئېرىشكۈچى ساھىبخان بېيىت بىلەن تۇتقان چاينى بېيىت بىلەن

ئېلىپ، بىر ئوتلاپ يەنە ساھىبخانىغا قايتۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يىگىتبېشى شۇ يەردىكى بارلىق مەشرەپ ئەھلىگە: «30 ئوغۇل، توققۇز قىز، ...... كۈنى، ...... نىڭ ئۆيىدە مەشرەپ ئۆتكۈزۈلىدۇ، قەددىڭلارنى رۇسلاپ، چېيىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلىڭلار» دەپ كېلەر قېتىملىق مەشرەپنىڭ ئورنى ۋە ۋاقتىنى ئېلان قىلىدۇ. مەشرەپنىڭ دائىرىسى ئاساسىي جەھەتتىن بىر مەھەللىنى ئاساس قىلغان بولىدۇ. گاھىدا ئايماق (ھازىرقى يېزا) بويىچىمۇ ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ئۇيغۇر دولانلىرى رايونىدا ئاياللارنى تۆۋەن كۆرىدىغان ئادەت بولمىغاچقا، مەشرەپكە ئەر ـ ئايال بىرگە بارىدۇ. جامائەتكە «قوشما مەشرەپ» (تەكلىپ مەشرىپى) بېرىپ، ئوغلىنى مەشرەپ سېپىگە قوشقان بولسا ئوغلىنىمۇ بىللە ئېلىپ بارىدۇ، قىزى ياتلىق بولغان بولسا ئېرى بىلەن بىرگە بارىدۇ، ياتلىق بولمىغان قىزلار ئادەتتە ئائىلىدە قالىدۇ. مەشرەپكە كەلگەنلەر داستىخانغا توققۇز دانە ناننى يۆگەپ، بەزىلەر ئۈستىگە يېرىم سەر تەڭگە ياكى بىر سەر تەڭگە (شۇ چاغدىكى بىر تەڭگىگە بىر قوي كېلەتتى)، يەنە بەزىلەر بىرەر كىيىملىك رەخت قاتارلىقلارنى قوشۇپ كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. مەشرەپكە ماڭغانلارغا ئۇچراپ يېرىم يولدا قوشۇلغانلار ياكى باشقىلاردىن مەشرەپ بار دەپ ئاڭلىغانلار (يەنى رەسمىي تەكلىپ قىلىنمىغانلار) داستىخان كۆتۈرمەي بارىدۇ. ئېلىپ كېلىنگەن سوۋغا ـ سالامنى مەشرەپ بەرگۈچى قوبۇل قىلىدۇ. مەشرەپ كۆپىنچە ھاللاردا چوڭ ھويلىدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھويلىنىڭ دەرۋازىسىدا مىرشاپ ۋە پاششاپ مەشرەپكە كەلگەنلەرنى سورۇنغا باشلاشقا ۋە تەرتىپ بويىچە رەتلىك ئولتۇرغۇزۇشقا مەسئۇل بولىدۇ (ئادەتتە ئوغرى، قىمارۋاز، پاھىشىۋاز، نەشخور قاتارلىقلار تەكلىپ قىلىنمايدۇ، ئۆزى كېلىپ قالغان ھالەتتىمۇ سورۇنغا كىرگۈزۈلمەيدۇ). پاششاپ مەشرەپكە كەلگەنلەرگە: «مەشرەپنىڭ قائىدىسى، ئىسسىق چېيى ۋە دەررىسى بار، چىدىساڭلار كىرىڭلار» دەيدۇ. ئۇلار: «بىز مەردانە يىگىتلەر، ئۇنىڭغا چىدايمىز، شۇڭا

كەلدۇق» دېگەندىن كېيىن، سورۇنغا «ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئوتتۇز ئوغۇل، توققۇز قىز» دەپ سالام بىلەن كىرىدۇ. مەشرەپ ئەھلىمۇ كەلگۈچىلەرنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ، قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ، پاششاپ ئۇلارنىڭ يىراقتىن ياكى يېقىندىن كەلگەنلىكى، ھۆرمەتكە چوڭ ئاقساقال ۋە ياكى ئادەتتىكى كىشى ئىكەنلىكىگە ئاساسەن، مۇۋاپىق ئورۇنغا ئولتۇرغۇزىدۇ. ساھىبخان ھويلىسىدىكى دەرۋازىنىڭ قارشى تەرىپىگە ياكى سورۇنغا ئوڭ كېلىدىغان تەرەپكە نەغمىچىلەر ئۆچۈن يوغان كات (چۆرىسىگە ھەر خىل نەقىشلەر ئىشلىنىپ ئالاھىدە بېزەلگەن ياغاچتىن ياسالغان يوغان كارىۋات) تىن ئىككىنى قويۇپ، ئۈستىگە كۆرپە سېلىپ يەردىن تەخمىنەن بىرەر مېتىر ئېگىزلىكتە كۆتۈرۈپ ئورۇن راسلايدۇ. نەغمىچىلەر ئۆزىگە قىلىنغان بۇ كاتتا ھۆرمەتتىن سۆيۈنۈپ، نەغمىنى ئوبدان قىلىپ، مەشرەپنى قىزىتىشقا تىرىشىدۇ. پاششاپ بېگى كەلگەنلەرنى ئولتۇرغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن، يىگىتبېشىنىڭ ئىجازىتى بويىچە ۋە ياكى سورۇننىڭ ئەھۋالىغا قاراپ «ئەدەپ» دەپ توۋلايدۇ. مەشرەپ ئەھلى پاراڭ سېلىۋاتقان بولسا شۇئان توختىتىپ، دەرھال زېھنىنى يىغىپ پۇت ـ قوللىرىنى تۈزلەپ، ئۆزىنى رۇسلاپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ. تاكى «تابىخا» دېمىگۈچە مۇشۇ ھالەتنى ساقلايدۇ. مەشرەپتە يىگىتبېشى، قازى، پاششاپ، مىرشاپ، دورغا، مىرىۋاز قاتارلىقلار خىزمەت قىلىدۇ. يىگىتبېشى سورۇندىكى چوڭ ـ چوڭ ئىشلاردا قارار چىقىرىش، مەشرەپنىڭ ئۆز قائىدە ـ يوسۇنى بويىچە تەرتىپلىك ۋە قىزغىن داۋاملىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ. قازى مەشرەپ ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغانلار ئۈستىدىن جازا ھۆكۈمى چىقىرىشقا مەسئۇل بولىدۇ. پاششاپ ۋە مىرشاپ سورۇنغا كەلگەن ـ كەتكەنلەرنىڭ ھېسابىنى قىلىش، جايى ـ جايىغا ئولتۇرغۇزۇش، مەلۇم قىلغانلارنىڭ ئەرزىگە ئاساسەن مەشرەپ ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغانلارنى يىگىتبېشىغا مەلۇم قىلىش قاتارلىقلارغا مەسئۇل بولىدۇ، دورغا جازانى ئىجرا قىلىش قاتارلىقلارغا مەسئۇل

بولىدۇ. مىرۋاز چۈشكەن ئۆرۈمىلەرنى تۇرلۇك قىزىق قوشاقلار بىلەن ئىپلان قىلىپ، نەغمىچىلەرنىڭ ئالدىغا قويۇش، سورۇننىڭ كەيپىياتىنى كۆتۈرۈشكە مەسئۇل بولىدۇ.

سورۇن ئادەتتە چوڭراق بولسا يىگىتبېشى «مەشرەپنىڭ تەرتىپ، ئىنتىزامى چىڭ، ئۆزىمىزگە ھېزى بولايلى، دىققەت ـ ئېتىبارىمىزنى يىغايلى» دەپ تەرتىپ، ئىنتىزامنى قىسقىچە دەپ بولغاندىن كېيىن «مەشرەپ باشلانسۇن» دەپ ئېلان قىلىدۇ. نەغمىچىلەر مۇقامنى باشلايدۇ. ئادەتتە باش مۇقامدىن باشلاپ، بوم باياۋان، زىل باياۋان، سىم باياۋان، ئەرزىھال باياۋان، مۇغال باياۋان، چۆل باياۋان، سامۇق باياۋان، جۇلا باياۋان، دولامەت باياۋان، چۆل بۇيۇك باياۋان، دۇتار باياۋان قاتارلىق مۇقاملار ئاساسەن ئۆز تەرتىپى بويىچە توۋلىنىدۇ (مۇقام ناملىرى تەتقىقات ئۇستىدىكى تېما بولغاچقا، نامى توغرا ئېلىنماي قالغانلىرى ۋە كىرگۈزۈلمىگەنلىرى بولۇشى تەبىئىي) ئاۋات دولان مۇقامىدا قالۇن، دولان قىل غېجىكى، دولان راۋابى، نەغمە دېپى قاتارلىق تۆت خىل چالغۇ ئىشلىتىلىدۇ، قوشۇق، تاش تەڭكەش قىلىنىدۇ. (مەكىت، مارالبېشى ناھىيەلىرىدىمۇ مۇشۇ چالغۇلار ئىشلىتىلىدۇ). قالۇن، دولان قىل غېجىكى چالىدىغانلار بولمىغان ئەھۋالدا دولان راۋابى ۋە نەغمە دېپى بىلەن، بۇمۇ بولمىغاندا بىر نەچچە نەغمە دېپى بىلەن مۇقام توۋلايدۇ. ئادەتتە كۆپىنچە ھاللاردا دەسلەپتە بىر نەچچە داپچى داپ بىلەن يۇزىنى يەلپۈپ تۇرۇپ ناھايىتى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن «ۋاي ئاللا... ۋاي ئاللا...» دەپ توۋلاپ بولغاندىن كېيىن، ھۆرمەت ۋە ياشقا چوڭ باش مۇقامچى دولانلارنىڭ قەيسەر ۋە قورقماس، مەرد ۋە كەسكىن خاراكتېرىنىڭ سىمۋولى بولغان دولان راۋابىنىڭ تەڭكەش قىلىنىشى بىلەن باش باياۋان مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ناھايىتى يېقىملىق ۋە تەسىرلىك ھالدا توۋلايدۇ. خۇددى بۇرۇنقى كىلاسسىك شائىرلار ھەر قانداق بىر ئەسەرنىڭ تۇنجى مىسراسىنى «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» دىن باشلاپ ئەڭ ئاۋۋال ئاللاغا ۋە

پەيغەمبەرلەرگە ھەمدۇسانا ئېيتىپ بولۇپ، ئاندىن مەقسىتىنى بايان قىلغاندەك، باش باياۋان مۇقامىنىڭ مۇقەددىمە تېكىستلىرىمۇ كۆپىنچە ھاللاردا :

گۆرنىڭ ئىچى قاراڭغۇلۇق، بالا دەشتىدە ئەرۋاھ،
قايدىن چۇشەر يورۇقچۇلۇق. ئۇنىڭ ھالىنى كۆردۇم.
بىچارە بولۇپ ياتقۇلۇق، يېتىپتۇ داق سۆڭەك بولۇپ،
بۇ دۇنيانىڭ پايانى يوق. ئۇنىڭ مازارىنى كۆردۇم.

** ** ** **

ئۆلۇم دەيدۇ، ئۆلۇم دەيدۇ، ئۆلۇپ كەتسەك بۇرادەرلەر،
ئۆلۇمنىڭ نۆۋىتى يوقتۇر. ئۆلۇپ كەتتى دېمەس ھېچكىم.
ئۆلۇمگە راسلىغان جايىنىڭ، جىنازامنى كۆتۇرگەندە،
ئىشىك ھەم تۇڭلۇكى يوقتۇر. يىغامنى يىغلىماس ھېچكىم.

دېگەندەك مەزمۇنلار ئارقىلىق كىشىگە بۇ ئالەمنىڭ پەقەت تۆت كۇنلۇك قونالغۇ ئىكەنلىكى، مەيلى قانچە كاتتا كىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەڭ ئاخىر يەنىلا ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىدىغانلىقى، شۇڭا ھەر بىر كىشىنىڭ بۇ ئالەمدە ھەقنى تونۇپ، ئۆمرىنى ياخشى نام ـ ئەمەلى، ئىش ـ پائالىيىتى، ئەخلاق ـ پەزىلىتى بىلەن ساۋابلىق ئىش يولىدا ئاخىرلاشتۇرۇشى لازىملىقى توغرىسىدىكى ئەڭ تەسىرلىك، بىۋاستە يۇرەككە تېگىدىغان پەند ـ نەسىھەت خاراكتېرلىك قوشاق، غەزەللەرنى ئوقۇپ، كىشىگە ئاشۇ ياخشى ـ يامان كۇنلەرنى ئەسلىتىپ، ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى بىر نۇقتىغا يىغىدۇ.

مۇقامنىڭ مۇقەددىمىسى تۈگەپ، ئۇسسۇللۇق نەغمە قىسمىغا ئۆتكەندە، يەنى چېكىتمە، سەنەم، سەلىقە، سىيرىلما بۆلەكلىرىدىكى تېكىستلەرنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىرىپ، مەزمۇنى روشەن، شوخ ۋە ھېسسىياتلىق، شۇنداقلا كىشىلەرنى غەم ـ قايغۇ، ھەسرەت ـ نادامەتتىن خالاس قىلىدىغان تېكىستلەرگە ئالمىشىدۇ.

سوپسوپىياڭ سېرىق بولۇر،
يول ياقىسى تېرىق بولۇر.
ئىككى يار تۇتقان خېنىمنىڭ،
چىرايلىرى سېرىق بولۇر.

يامان يولۋاس يولدا يېتىپ،
شىرغا يول بەرمەس.
ئاتىسىدىن قارغىش ئالغان،
ئىلگىرى كەلمەس.

** ** ** **

ئالدىم دولاننىڭ قىزىنى،
ئايدا يۇمايدۇ يۈزىنى .
قوپ يۈزۈڭنى يۇ دېسەم،
ئۇيدەك ئالايتىدۇ كۆزىنى.

مەن ئېتىمنى سالمايمەن،
دەريا بويى لۆم ـ لۆمگە.
كۆندە نەچچە يىغلايمەن،
ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرۈمگە.

** ** ** **

بىر قويۇم ئىككىنى تۇغدى،
بېرىپ كۆرۈڭ قوزاسىنى.
كىم يامانلىق ئەيلىسە،
خۇدا بېرەر جازاسىنى.

مۇھەببەتنى ئاسان چاغلاپ،
غازاڭ قىلدىڭ باھارىمنى.
ئەجەب سەزمەپتىمەن باشتا،
پۇشايمانغا قالارىمنى.

دېگەندەك تېكىستلەر بىلەن خۇشال كەيپىيات يارىتىش، مەشرەپنىڭ ئېستېتىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئاشۇرۇش، دىداكتىك مەزمۇندىكى تېكىستلەر بىلەن يامان كەيپىيات، ناچار خاھىشلارنى تەنقىد قىلىش ئارقىلىق، كىشىلەرنى چوڭقۇر تەربىيەگە ئىگە قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئەدەپ ـ ئەخلاق مەكتىپىلىك رولىنى ئۇنۇملۇك ۋە جانلىق رەۋىشتە جارى قىلدۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق كىشىلەر مەشرەپتە ئۆزئارا ئەدەپ ـ ئەخلاق، قائىدە ـ يوسۇن ئۆگىنىدۇ ۋە ئۆگىتىدۇ؛ مەرد ـ مەردانىلىك، شەرم ـ ھايا، ئىنساب ـ ۋاپا، غۇرۇر ـ ۋىجدان ... قاتارلىقلار توغرىسىدا چوڭقۇر ساۋاققا ئىگە بولىدۇ. ئادەتتە مەشرەپ باشلىنىشى بىلەن نەغمىكەشلەر ئارقىمۇ ئارقىدىن 5 ~ 6 دۆرەم، يەنى 5 ~ 6 مۇقام توۋلاپ بولغاندىن كېيىن پوتا ئويۇنى باشلىنىدۇ. 2 ~ 3 مۇقام توۋلاپ توختاپ قالسا بۇنىڭغا يىگىتبېشىمۇ ئۇنىمايدۇ. مۇقامچىلار

ئىمكانقەدەر ياخشى توۋلاپ، يىگىتبېشى، ساھىبخان ۋە مەشرەپ ئەھلىنىڭ كۆڭلىگە يېقىشقا تىرىشىدۇ. مۇقامچىلار نەغمە قىلىۋاتقاندا مەشرەپ ئەھلى ئەدەپ بىلەن پاراڭ سالماي دىققەتتە ئولتۇرۇپ ئاڭلايدۇ. مۇقامنىڭ مۇقەددىمىسى تۈگەپ، چېكىتمىسى باشلىنىشى بىلەن ياش ۋە ھۆرمەتكە چوڭ، ئۇسسۇلنى بىر قەدەر ياخشى ئوينايدىغان كىشىلەر ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ (گاھىدا سىرتتىن ماھىر ئۇسسۇلچىلار تەكلىپ قىلىنىدۇ)، ئارقىدىن قالغانلارمۇ ئەگىشىپ ئويناشقا باشلايدۇ. مەشرەپتە دولان ئۇسسۇلى (نىزامچە ئۇسسۇل دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئوينىلىدۇ. دولان مەشرىپىدىكى كوللېكتىپ ئۇسسۇل تۆت باسقۇچتىن تەركىب تاپىدۇ. بىرىنچى باسقۇچ «چېكىتمە» بولۇپ، بۇ باسقۇچتا مەشرەپ ئەھلى ئەر ـ ئايال جۈپ ـ جۈپ بولۇپ، لەرزان مۇزىكا ساداسى ئىچىدە سالماق ھالدا ئاستا، نەپىس، يېنىك قەدەم بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. ئەرلەر قولىنى نۆۋەت بىلەن ئوڭ ـ سولغا تاشلاپ، ئوڭغا يېرىم، سولغا يېرىم ئايلىنىدۇ. ئوڭغا يېرىم ئايلىنىش ۋاقتىدا ئالدى بىلەن ئوڭ پۇتتىن باشلاپ ئۈچ قەدەم تاشلىنىدۇ، ئاندىن ئوڭ پۇت يېرىم بۇرۇلۇپ، سول پۇتنىڭ ئۇچىغا كېلىپ توختايدۇ ـ دە سول پۇت دەرھال يۆتكىلىپ، سولغا يېرىم بۇرۇلۇپ، ئوخشاشلا ئوڭ پۇتنىڭ ھەرىكىتى بويىچە تەكرار داۋاملىشىدۇ. ئەرلەرنىڭ ئۇسسۇلدىكى بۇ خىل ھەرىكىتى كىشىلەرنىڭ بۈك ـ باراقسان ئورماندىن ئۆتۈپ، چاتقاللارنى يېرىپ، ھايۋانلارنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىگەن بولسا، ئاياللارنىڭ ھەرىكىتىمۇ، ئەرلەرنىڭ ھەرىكىتىگە ماس ھالدا ئىگىز كۆتۈرۈۋالغان مەشئەلنى بىر دەم ئوڭ قولىغا، بىر دەم سول قولىغا ئالماشتۇرۇپ ئەرلەرنىڭ داۋاملىق ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن تۈن قاراڭغۇسىنى يورۇتۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. «چېكىتمە» دىن ئىككىنچى باسقۇچ سەنەمگە كۆچكەندە ئۇسسۇل ھەرىكىتى ئاستا ئويناشتىن ئۆزگىرىپ، رىتىمى تېزلىشىدۇ. ئەر ـ ئاياللار قولىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ ئوڭغا ۋە سولغا نۆۋەت بىلەن تولۇق ئايلىنىپ ناھايىتى

يېقىن ئوينايدۇ. بۇنىڭدا ئۇسسۇل ھەرىكىتى ئۇۋچىلارنىڭ ئوقيا ئېتىش، ھايۋانلار بىلەن ئېلىشىش ھەم ئۇنى يوقىتىش ھەرىكەتلىرىنى ئىپادىلەپ گاھىدا ئىلگىرىلەپ، گاھىدا چېكىنىپ ئوينىلىدۇ. ئۇچىنچى باسقۇچ «سەلىقە» دە ئۇسسۇل ھەرىكىتى يەنە ئۆزگىرىپ، جۇپ ـ جۇپ بولۇپ ئويناۋاتقان ئۇسسۇلچىلار ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى بىرلىك قىلىپ، ھەر ئايلىنىشىدا ئۆزئارا بېقىشىپ، ئوك تەرەپكە داۋاملىق چۆرگىلەيدۇ (مەكىت، مارالبېشىدا چوك بىر چەمبەر ھاسىل قىلىدۇ). بۇ خىل ئۇسسۇل ھەرىكىتى كىشىلەرنىڭ ھايۋانلارنى قورشىۋالغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. تەنتەنە قىسمى بولغان «سىيرىلما» باسقۇچى ئۇيغۇر دولانلىرى رايونىدا ئوخشاش، ئاجايىپ قىزغىن ئوينىلىپ، ئۇسسۇلچىلار بىلەن نەغمىكەشلەر ئارىسىدا بەسلىشىش يۈز بېرىدۇ. چۆرگىلەش بارغانسېرى تېزلىشىپ، پۈتكۈل مەيدان شادىيانە كەيپىياتقا چۆمىدۇ. مانا بۇ ئۇسسۇل ھەرىكىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىلغان بىر مەيدان ئوۋچىلىق جېڭىنىڭ غەلىبە تەنتەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇسسۇل ۋە مۇقام ئارىلىقىدا ئۆزىنىڭ خوش ـ چاقچاق، گەپدانلىقى بىلەن مەشرەپنى قىزىتىش ۋەزىپىسىنى ئۇستىگە ئالغان مىرۋاز سورۇننىڭ كەيپىياتىغا قاراپ مەيدانغا چۈشىدۇ. دولان مەشرىپىدە ئۇسسۇلچىلارنىڭ بېشىدىن پۇل ئۆرۈيدىغان ئادەت بار. ئۇسسۇلچىلار ئۇستا بولسا مەشرەپ ئەھلى ئۇسسۇلچىلارنىڭ بېشىدىن پۇل ئۆرۈپ، ئۇنى تەبرىكلەيدۇ. بەزىلەر ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، يېقىن ئۆتىدىغان كىشىلىرى، ئاشىق ـ مەشۇقلىرى، ئەر ياكى ئاياللىرى، شۇنىڭدەك بەزى ئابرۇيلۇق كاتتا كىشىلەر(يۇرت بەگلىرى) ئۇسسۇلغا چۈشكەندىمۇ پۇل ۋە رەخت، ھەتتا قوي قاتارلىقلارنى ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئۆرۈيدۇ. مىرۋاز پۇلنى ئېلىپ، ئۇسسۇلچىنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ، نەغمىكەشنىڭ ئالدىغا تاشلايدۇ، مەشرەپتىن كېيىن يىغىلغان بۇ پۇللارنى 40% ~ 30 ىنى نەغمىكەشلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىپ،

قالغىنىنى مەشرەپنىڭ چىقىمىغا ئىشلىتىدۇ. مىرىۋاز بىر دانە ياغاچ چۆچەك ياكى مېتال قاچىنىڭ ئىچىگە بىر قانچە داچەن پۇلنى ياكى 5 ~6 تال ئۇششاق تاشنى سېلىپ، ئۇنىڭ ئاغزىنى ياغلىق بىلەن ئوراپ مەھكەم چىگىدۇ، مەشرەپ ئەھلى ئۇسسۇلچىنىڭ بېشىدىن پۇل ئۆرۈمەكچى بولغاندا ئۇ كىشىلەرنىڭ قولىدىن پۇلنى ئېلىپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن توۋلاپ، قولىدىكى چۆچەكنى شاراقلىتىپ تۇرۇپ، شۇ سورۇننىڭ كەيپىياتىغا قاراپ، ئەمەلىي قوشاق توقۇپ، سورۇننى ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن پۇلنى نەغمىكەشنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. پۇل ئۆرۈش ئاستىلاپ قالسا پۇل ئۆرۈمىگەنلەردىن بىر قانچە ئەر، ئاياللىڭ ئىسمىنى ئاتاپ «..... ئاخۇندىن مانچە پۇل كەتتى، ...... خاندىن مانچە پۇل كەتتى» دەپ توۋلاپ قويىدۇ، بۇنىڭ بىلەن پۇل ئۆرۈش كۈچىيىدۇ. پۇلنى ئۆرۈپ تۇرغاندا ئۇسسۇلچىلار تېخىمۇ ئىلھاملىنىپ قىزغىن ۋە جانلىق ئوينايدۇ. نەغمىكەشلەر زوق ھاياجان بىلەن توۋلاپ، مەشرەپنى تېخىمۇ قىزىتىدۇ. ئادەتتە مىرىۋاز يوق مەشرەپ بولمايدۇ، ئەگەر مىرىۋاز تاسادىپىي ھاللاردا يوق بولۇپ قالسا مەشرەپ كەيپىياتى ئانچە قىزغىن بولمايدۇ. بەزى مىرىۋازلار پۈتۈن مەشرەپ كەيپىياتىنى تەسۋىرلەپ ناھايىتى نۇرغۇن قوشاقلارنى توقۇپ چىقالايدۇ. تۆۋەندىكىلەر ئادەتتە دائىم ئوقۇلىدىغان مىرىۋاز قوشاقلىرىدىن ئىبارەت.

شىرىق شىرىق،
ئىككىكام قىرىق.
ئادىمەتچىلىك، تەگدىمەتچىلىك،
زىياپەتچىلىك.
كەتتى ئۆستەڭ ياقىلاپ،
تاش بىلەن قۇمنى ساناپ.
قالدى يۈرەكنى تاتىلاپ،
نەمەتكامدىن مىڭ دوللار كەتتى،

سەمەتكامدىن بەش مىڭ دوللار كەتتى.
ئوينىغانلار ئويناپ كەتتى،
ئوينىمىغانلار نەگە كەتتى.
تۆگە تاپىنى بىلەن كەتتى،
مال قوتىنى بىلەن كەتتى.
قۇشقاچ چاڭگىسى بىلەن كەتتى،
كەپتەر پەۋىزى بىلەن كەتتى.
بەڭگى غاڭزىسى بىلەن كەتتى،
خېنىم ياڭزىسى بىلەن كەتتى.
ئا بۇلۇڭدىن كەتتى، مابۇلۇڭدىن كەتتى،
ئۇسسۇل ئوينىغانلارنىڭ پۇت ـ قولى تېلىپ كەتتى.
يۈرەكلىرى سېلىپ كەتتى،
قىز ـ چوكانلار ئويناپ كەتتى.
نەغمىكەشلەر قايناپ كەتتى،
تاماشا ئاكام قەيەرگە كەتتى.
ئوينىمىغانلار نەگە كەتتى.

بەش ـ ئالتە مۇقام توۋلىنىپ مەشرەپنىڭ بىر باسقۇچى تۈگىگەندىن كېيىن «پوتا ئويۇنى» باشلىنىدۇ. پوتا ئويۇنى بەزى جايلاردا «دەررە ئويۇنى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. (بۇ خىل ئاتىلىشىدا ئاساسلىقى پوتا ئويۇنىدىكى قائىدىلىك ئايلىنىشتا خاتا ئايلانغانلارنىڭ دۈمبە، يانپاش ۋە تېقىملىرىغا پوتا خۇددى بۇرۇنقى زامانلاردا جازاغا تارتىلغانلارغا ئۇرۇلىدىغان «دەررە» كەبى تېگىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان) پوتا ئويۇنىنىڭ باشلىنىشىدا يىگىتبېشى ئالدى بىلەن تەييارلاپ قويغان پوتىنى ئېلىپ سورۇنغا چۇشۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ئارزۇسى بويىچە پوتا ئويۇنىنىڭ باشلىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئاندىن كېيىن، پوتا ئويۇنىنىڭ تەرتىپ، ئىنتىزام ۋە ئاگاھلاندۇرۇشقا تېگىشلىك زۆرۈر قائىدىلىرىنى، يەنى پوتىنى بىيىت ئوقۇپ سېلىش، بىيىتكە بىيىت

بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ ئېلىش، پوتا ئويۇنىدا تېرىكمەسلىك، بېيىت بىلمىگەنلەرنى مۇتلەق كەچۈرمەسلىك، چىدىماسلار ئويۇنغا قاتناشماسلىق قاتارلىقلارنى جاكارلاپ، كۆپچىلىكنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن، قولىدىكى پوتىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ تۇرۇپ، قوشاق بىلەن مەشرەپ ئەھلى ئارىسىدىكى كۆڭلى تارتقان بىر كىشىگە سۇنۇپ، ئۇنى ئويناشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى پوتىنى قوبۇل قىلىپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ تەكلىپ قىلغۇچىنىڭ ئالدىغا كەلمىسە، تەكلىپ قىلغۇچى قولىدىكى پوتىنى تەڭلەپ چۆچۈتۈپ قويىدۇ. ياكى پوتا بىلەن دۈمبىسىگە يېنىكرەك ئۇرۇپ قويىدۇ.

پوتا سېلىنغۇچى كىشى تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، تەكلىپ قىلغۇچىنىڭ ئالدىغا كەلگەندىن كېيىن، پوتا سالغۇچى تەرەپ پوتىنى ئەپقېچىپ ئوڭ قولىنى بېسىپ چۆرگىلەيدۇ. تەكلىپ قىلىنغۇچى سول قولىنى بېسىپ چۆرگىلەپ تەڭمۇتەڭ ئالدىغا چىقىپ، پوتىغا قولىنى ئۇزىتىدۇ. تەكلىپ قىلىنغۇچى بۇ نۆۋەت سول قولىنى بېسىپ چۆرگىلەيدۇ، پوتا سېلىنغۇچى كىشى ئوڭ قولىنى بېسىپ چۆرگىلەپ يەنە ئالدىغا چىقىپ، ئىككىنچى نۆۋەت چۆرگىلەشتىن كېيىن تەكلىپ قىلغۇچى كىشى بېيىت ئوقۇپ، تەكلىپ قىلىنغۇچىنىڭ بېيىت بىلەن جاۋاب بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. تەكلىپ قىلىنغۇچى بېيىت ئېيتىپ جاۋاب قايتۇرغاندىن كېيىن، پوتىنى ئۇنىڭغا بېرىپ ئۆز ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرىدۇ. پوتا سالغۇچى ياكى پوتىغا تەكلىپ قىلىنغۇچى قائىدە بويىچە چۆرگىلىمەي ساختىلىق قىلغان بولسا، قارشى تەرەپ پوتىنى تۇتقىلى ئۇنىمايدۇ. ساختىلىق قىلغۇچى تەرەپ قايتىدىن چۆرگىلەپ بولغاندىن كېيىن، تەكلىپ قىلىنغۇچى چوقۇم بېيىت ئوقۇپ جاۋاب قايتۇرىدۇ، ھېچبولمىغاندا ئىككى مىسرا بولسىمۇ بېيىت ئوقۇماي تۇرۇپ پوتىنى ئالالمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئويۇننىڭ قىزىقارلىقلىقى تېخىمۇ ئاشىدۇ. پوتا ئويۇنىنى ئەر ـ ئايال ئارىلاش ئوينايدۇ ھەم ئۆزئارا بېيىت ـ قوشاق ئېيتىشىدۇ. بۇنداق

قوشاقلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇھەببەت قوشاقلىرى بولۇپ، بەزى يىگىتلەر قىز ـ چوكانلارغا بىر يۇرۇش بېيىت ئارقىلىق، دەيدىغان گەپ ـ سۆزلىرىنى تولۇق دەۋالايدۇ. ئەمما خوتۇنى بار ئەرلەر ئېرى بار ئاياللارنى پوتىغا تەكلىپ قىلغاندا، مەزمۇنى ساغلام بولمىغان بېيىت بىلەن مۇھەببەت ئىزهار قىلىشقا بولمايدۇ. ئادەتتە ئۆزئارا بېيىت ئېيتىشىشتا گاھىدا بېيىتنى كۆپ بىلىدىغانلار بىر قېتىمدىلا توختىماي قىرىق ـ ئەللىك كۇپلېت بېيىت ئوقۇپ، سورۇندىكىلەرنى ھەيران قالدۇرسا، يەنە بەزىلەر شائىرلارنىڭ مۇھەببەت غەزەللىرى، زور ھەجىمدىكى مۇھەببەت داستانلىرىدىن نەچچە يۈز كۇپلېتنى باشتىن ـ ئاياغ ئوقۇپ، مەشرەپ ئەھلىگە ئۆزىنىڭ شائىرانە تالانتىنى نامايان قىلىدۇ. پوتا ئويۇنى شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىدۇ. ئادەتتە كۆپىنچە ھاللاردا تۆۋەندىكى بېيىتلار بىلەن پوتا ئويۇنىنى باشلايدۇ.

بىر تاغار قونۇغۇم بار ئىدى،
چېچىلىپ كەتتى.
سىلىنى بىر كۆرۈپ،
كۆڭلۈم ئېچىلىپ كەتتى.

ئۇيانمۇ يېقىن،
بۇيانمۇ يېقىن.
ھەممىدىن سىلىگە
كۆڭلۈم بەك يېقىن.

ئاق تىكەن، ئاپپاق تىكەن،
چۆرىسىدە گۈل بار ئىكەن.
گۈلىنى ئۈزۈپ كۇپكە سالدىم،
كۇپتە ھاراق بار ئىكەن.

ئوك قولۇمغا هاراق ئالدىم،
سول قولۇمغا شام چىراغ،
شام چىراغتا كۆرۈشكەندىن،
مەشرەپتە كۆرۈشكەن ياخشىراق.

پوتا ئويۇنى داۋامىدا يەنە ئارىلاپ «چاي تۇتۇش» ئويۇنىمۇ ئېلىپ بېرىلىدۇ. پوتا ئويۇنى سەل سۇسلىشىپ قالغاندا، يىگىتبېشى يېرىم چاي قۇيۇلغان ئىككى پىيالىنى پەتنۇسقا سېلىپ، مەشرەپ ئەھلىدىن كۆڭلى تارتقان بىرىگە چاي قوشاقلىرىنى ئوقۇپ ئىززەت ئېكرام بىلەن تۇتىدۇ. تەكلىپ قىلىنغۇچى ئەدەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، پوتا ئويۇنىغا ئوخشاش بىر نۆۋەت ئوڭ قولىنى، يەنە بىر نۆۋەت سول قولىنى بېسىپ ئايلىنىپ، ئىككى نۆۋەت چۆرگىلەپ بولغاندىن كېيىن، بىر جۈپ پىيالىنى ئوڭ قولىغا ئېلىپ، ئۈستۈن، تۆۋەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئالدى بىلەن قولتۇق ئاستىدىن ئارقىغا ئۆتكۈزۈپ ئايلاندۇرۇپ، باش ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ، بېشىدىن بىر قېتىم ئايلاندۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، پىيالىنى يەنە كەلگەن يولى بىلەن ئارقىغا قايتۇرۇپ بېشىدىن بىر ئايلاندۇرۇپ، ئاندىن ئارقىدىن ئالدىغا قولتۇق ئاستىدىن ئايلاندۇرۇپ، دەسلەپكى هالەتنى شەكىللەندۇرىدۇ. شۇ جەرياندا پىيالىدىكى چاي تۆكۈلمىسە ئۇمۇ بېيىت ـ قوشاق بىلەن باشقىلارغا تۇتىدۇ. ئەگەر چاينى تۆكۈۋەتسە جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. پوتا ئويۇنى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بېيىتكە بېيىت قايتۇرالمىغان، چاينى تۆكۈۋەتكەن، سورۇندا قالايمىقان پاراڭ سالغان، ئەدەپكە چىقىپ كىرىپ ئۆز ئورنىنى تاپالمىغان، بۇرۇن، قۇلاقلىرىنى كولاپ ئەتراپىدىكىلەرنى بىزار قىلغان، قىز ـ چوكانلارغا ساقال تاشلىغان، قىزىقارلىق ئويۇن، بېيىت ـ قوشاقلارغا كۆلكىسىنى باسالماي ئوسۇرۇپ سالغان، بىسوراق سىرتقا چىقىپ كەتكەن، مەشرەپ ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىپ، باشقىلارنىڭ مەشرەپ ئويۇنىغا تەسىر

يەتكۈزگەنلەر بولسا، بۇنى كۆرگۈچى ياكى بايقىغۇچى گۇناھ ئۆتكۈزگۈچى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ يىگىتبېشىغا ئەرز قىلىدۇ، يىگىتبېشى بۇنى قازىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا بۇيرۇيدۇ. قازى شۇ ھامان جاۋابكارنى نەق مەيدانغا چاقىرتىپ، گۇناھىنى ئىقرار قىلدۇرىدۇ. ھەمدە ئۇنىڭدىن: «سەۋەن بولامسىز ناماقۇلمۇ (بولا بولامسىزمۇ دېيىلىدۇ)؟» دەپ سورايدۇ. ئەگەر ئۇ «ناماقۇل (بولا) بولىمەن» دېسە جامائەتكە مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. يىگىتبېشى قازى، پاششاپ، مىرشاپ، دورغا قاتارلىقلار بىلەن مەشرەپكە كېتىدىغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى كېڭىشىپ، مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بەرگۈچى كىشىگە شۇ بويىچە تەييارلىق كۆرۈشنى بۇيرۇيدۇ، ئادەتتە يېنىكرەك بولغاندا: بىرەر قوي ئۆلتۈرۈپ، داش قازاندا پولۇ ئېتىپ جامائەتكە ئاش ـ چاي بېرىپ، بىر ـ ئىككى كوزا مۇسەللەس، مېۋە ـ چېۋە قاتارلىقلارنى ھازىرلاپ، مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئېغىرراق بولغاندا: بىرەر كالا، ئون ئىككى ياكى توققۇز غىرىچ قوي (قوينىڭ پاتىگىدىن قۇيرۇق تەرىپىگىچە غىرىچلايدۇ) دىن بەش ـ ئالتە، بىرەر تاغار گۈرۈچ، يېتەرلىك ياغ، سەككىز ـ ئون كوزا مۇسەللەس، ئون ـ ئونبەش سېۋەت مېۋە ـ چېۋە قاتارلىقلارنى ھازىرلاپ ئەل ـ يۇرتقا مەشرەپ بېرىدۇ (بۇ ھازىرقى يېنىكرەك بىرەر توينىڭ چىقىمىغا باراۋەر كېلىدۇ). «سەۋەن بولىمەن» دېسە نەق مەيداندا جازا بېرىلىدۇ. بۇ ئويۇن «ئەرزىيەت ئويۇنى» (جازا ئويۇنى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئەرزىيەت ئويۇنى تۈرلىرىدىن ـ «جۇۋازغا قېتىش»، « سامسا يېقىش»، «ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش»، «سۈرىتىنى تارتىش»، «ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ سازايى قىلىش»، «ئۇن تارتىش»، «كۆتەك قومۇرۇش»، «دەررە ئۇرۇش» قاتارلىقلار بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ھەمدە قىلمىشىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە ئاساسەن مۇۋاپىق بىرى تاللاپ ئىجرا قىلىنىدۇ.

تۆۋەندە بۇلاردىن بىر قانچىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

# ئەرزىيەت (جازا) ئويۇنلىرى

**سامسا يېقىش:** سامسا يېقىش جازاسىدا جازالانغۇچىنى يېرىم يالاڭاچلاپ يۈكۈندۈرۈپ ئولتۇرغۇزىدۇ، بىر ئادەم ناۋاينىڭ رولىنى ئېلىپ ئالدى بىلەن جازالانغۇچىنىڭ دۈمبىسىگە سۇ سېپىپ، قوش مۇشتۇمى بىلەن راسا نىقتاپ خېمىر يۇغۇرۇشقا باشلايدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى ئالىقىنىنىڭ قىرىنى قىڭراق قىلىپ جازالانغۇچىنىڭ بېشىغا قاتتىق ئۇرۇپ، گۆش پىياز توغراپ قىيما قىلىشقا باشلايدۇ. سامسا تۈگۈش، يېقىش، قومۇرۇش باسقۇچلىرىدا جازالانغۇچىنىڭ بەدەنلىرىنى ئۇۋۇلاپ تارتىپ، دۈمبە ۋە زاڭاقلىرىغا شاپىلاق بىلەن قارسىلدىتىپ ئۇرۇپ، ئۇنى گۇناھ قىلغانلىغا تويغۇزۇۋېتىدۇ.

**ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش:** بۇ جازا ئاساسلىقى قىز ـ چوكانلارغا ساقال تاشلاپ مەشرەپ ئىنتىزامىغا تەسىر يەتكۈزگەن ئەركەكلەرگە بېرىلىدۇ. بۇ ئويۇندا ئۈچ ئادەم رول ئالىدۇ. ئىككەيلەن ئايالچە كىيىنىدۇ، جازالانغۇچى ئەخلاقسىز، خوتۇنپەرەس، شاللاق ئادەمنىڭ رولىدا بولۇپ، ئاچ كۆزلۈكىدىن بىر قېتىمدا ئىككى خوتۇن ئالىدۇ. بۇ خوتۇنلارنىڭ مىجەزىمۇ ئېرىگە ئوخشاش بولۇپ، ئىككى خوتۇن بىر ئەرنى تالىشىشقا باشلايدۇ. خوتۇنلار ئەرنى تالىشىش داۋامىدا ئەرنىڭ قەيىرى قولىغا ئىلىنسا شۇ يېرىدىن تۇتۇپ، ئۆزىگە تارتىپ، ئەرنى ئىككى خوتۇن ئالغانغا تويغۇزۇۋېتىدۇ.

**سۇرەتكە تارتىش:** سۇرەتكە تارتىش جازاسىدا جازالانغۇچى يېرىم يالاڭاچلىنىپ سوغۇق تامغا مەيدىسى چاپلىنىپ، ئىككى قولىنى كېرىپ كىرېست شەكلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. سۇرەتچى رولىنى ئالغۇچى بىر قاپاق مۇزدەك سوغۇق سۇنى جازالانغۇچىنىڭ دۈمبىسىگە پۈركۈيدۇ. (گاھىدا بوياقمۇ ئىشلىتىلىپ جازالانغۇچىنىڭ دۈمبىسى ئالا ـ بۇلىماچ قىلىۋېتىلىدۇ)، تامدىكى

تەسۋىر رەڭلىك ۋە ئوچۇق چىقىدۇ) بۇ جازا قىش كۈنلىرى ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى ئۈچۈن جازالانغۇچى توڭلاپ بەزگەكتەك تىترەپ كېتىدۇ. سۈرەتكە تارتىش ئاخىرلىشىپ، مەشرەپ ئۇسسۇل ئويناش باسقۇچىغا كىرگەندە نەغمىكەشلەر سۈرەتكە تارتىلغۇچىنىڭ توڭلاپ تىترەپ كەتكەن ھالىتىنى مەسخىرە قىلىپ:

ئەي بالام، جانىم بالام،
ئاللاغا تاپشۇردۇم سېنى.
بارچە كېسەل پاسكىنىسى،
بەزگەككە تاپشۇردۇم سېنى.

دەپ غەزەل توۋلاپ، جازالانغۇچىنى تېخىمۇ تېرىكتۈرىدۇ.

ئەگەر ھەممىلا كىشى مەشرەپ ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىپ، جازاغا تارتىلىدىغانلار بولمىغاندا، ئەھۋالغا قاراپ مەشرەپ ئويۇنلىرى ئوينىلىدۇ. ئادەتتە مەشرەپ ئويۇنلىرى ۋە ئەرزىيەت (جازا) ئويۇنلىرى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ، ئاۋۋالقىسى ئاممىۋى ئەخلاقنىڭ ساقچىسى سۈپىتىدە مەشرەپ ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى جازالاشنى مەقسەت قىلسا، كېيىنكىسى مەشرەپنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، سورۇننى قىزىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. مەشرەپتىكى تەقلىد ۋە تىياتىر ئويۇنلىرىغا كۆپىنچە ھاللاردا ئاساسەن مۇقىملاشقان، دائىم قىزىقچى، ھەييار رولىنى ئېلىپ يۇقىرى ماھارەت بىلەن مەشرەپ ئەھلىنى كۈلدۈرىدىغان كىشىلەر رول ئالىدۇ.

تۆۋەندە مەشرەپ ئويۇنلىرىدىن بىر نەچچىنى تونۇشتۇرىمىز:

## مەشرەپ ئويۇنلىرى

**ئات ئۇسسۇلى:** بۇ ئويۇننى مەشرەپ سورۇنىدا بىرلا كىشى ئوينايدۇ. ئۇ ياغاچنى جۇۋا بىلەن ئاتقا ئوخشىتىپ نىقابلاپ، ئۆزى خۇددى ئات مىنىپ كېتىۋاتقاندەك ھالەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئات

مىنگوچى بىر قولىدا ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولىدا نەغمە رىتىمىغا ماسلاشتۇرۇپ ئۇسسۇل ئويناپ ماڭىدۇ. ئات يېڭى كۆندۈرۈلگەن تۇسۇن قىياپەتتە، مەشرەپ سەھنىسىدە تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا دۈيلۈپ، ئۇستىدىكى ئادەمنى يەرگە ئاتماقچى بولىدۇ، ئادەم غالىب كېلىپ «ئاتتىن يىقىلماي» ئۇلتۇرۇپ، ئاتنى تەدرىجىي كۆندۈرگەن ھالەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئات ئۇسسۇلى ئەسلىدە ئات كۆندۈرۈش ئۇسسۇلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭدا ئاساسەن ئىپتىدائىي دەۋرلەردىكى ياۋايى ھايۋانلارنى كۆندۈرۈش پائالىيىتىدىكى ئوبراز يارىتىلىدۇ.

**غاز ئۇسسۇلى:** غاز ئۇسسۇلىنىمۇ بىرلا ئادەم ئوينايدۇ. رولچى جۇۋىنى تەتۈر كىيىپ، بىر قولىدا ئورغاقنى تۇتۇپ جۇۋىنىڭ يېڭىدىن ئۆتكۈزۈپ، غازنىڭ بويىنىدەك ئەگرى ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۇچىغا قىزىل لاتىنى يۆگەپ غازنىڭ تۇمشۇقىغا ئوخشىتىدۇ. ئاندىن كېيىن مۇزىكا رىتىمىغا تەڭكەش قىلىپ تېزلىنىپ مېڭىپ، دۇمبىسىنى چوقۇلاپ، بەزىدە رەتسىز ئولتۇرغان كىشىلەرگە تۇمشۇقىنى سوزۇپ خىرىس قىلسا، يەنە بەزىدە كىشىلەر ئارىسىدىكى غەلىتە كىيىنگەنلەرنى چوقۇيدۇ. غەمكىن ئولتۇرغان، مۈگدەپ قالغانلارنى نوقۇپ بىر دەم كۈلكە پەيدا قىلغاندىن كېيىن نىقابىنى سەھنىنىڭ ئۆزىدىلا ئېلىۋېتىپ مەيداندىن چىقىپ كېتىدۇ. بۇ ئويۇندا ياۋا قۇشلارنى تۇتۇپ ئۇلارنى ئىنسانلارغا يېقىنلاشتۇرۇپ كۆندۈرۈشتەك تارىخىي مەزمۇنلار ئىپادىلىنىدۇ.

**ئېگىز بولۇڭ موللام:** بۇ ئويۇنمۇ بىرلا كىشى تەرىپىدىن ئوينىلىدۇ. رولچى قولىدىكى تاياقىقا ئۇزۇن تىكىلگەن كىيىم كىيدۈرۈپ، ئۇزىرايدىغان، قىسقىرايدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن نەغمىنىڭ رىتىمىغا ۋە غەزەل مەزمۇنىغا ئاساسەن ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. غەزەل تېكىستلىرى بۇيرۇق شەكلىدە بولۇپ: «ئېگىز بولۇڭ موللام، ئېگىز بولۇڭ»

دېگەندە موللام ئېگىزلەپ، ئىككى ئادەم بويى ئۆزىرايدۇ. «قىسقا بولۇڭ موللام، قىسقا بولۇڭ» دېگەندە موللام بارغانسېرى قىسقىراپ پاكار ئادەم شەكلىگە كېلىدۇ. نەغمىكەشلەر غەزەلنى داۋاملاشتۇرۇپ:

كۆلۈپ تۇرۇپ ئويناڭ، كۆلۈپ تۇرۇپ،
يىغلاپ تۇرۇپ ئويناڭ، يىغلاپ تۇرۇپ.
ئىچىڭىزگە تولغان دەردنى بىرنى قويماي،
سۆزلەپ بېرىپ ئويناڭ، سۆزلەپ تۇرۇپ.
قۇيماق بېرەي موللام، چايناپ بېرىڭ،
نەزىر بېرەي موللام، «دۇئا»قىلىپ بېرىڭ.
ياۋاش بولۇڭ موللام گىدىيىۋالماي،
ئۇسسۇل ئويناپ موللام، ئېغىناپ بېرىڭ».

دەپ موللامغا بۇيرۇق بېرىدۇ. نەغمىكەش نېمە دېگەن بولسا، موللام شۇنى قىلىپ بېرىدۇ. بۇنىڭدا موللامنىڭ نەزىرگە بولغان ئىشتىياقى تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھەرىكىتى ناھايىتى كۈلكىلىك بولۇپ، نەزىرنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان موللام ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ھەممە بۇيرۇقنى ئورۇندايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئەھۋالغا قاراپ «شاھ بىلەن تاياخۇن»، «غوجالدىرىۋاق»، «باخشى بىلەن كېسەل»، «خەت ئوقۇش» قاتارلىق ئويۇنلار ئوينىلىپ بولغاندىن كېيىن، نەغمىچىلەر يەنە نەغمە باشلايدۇ. مۇقەددىمىسىدىن كېيىنلا ئۇسسۇل باشلىنىدۇ. ئۇسسۇلنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى «سىيرىلما» بىلەن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن يەنە بىر مۇقام باشلىنىپ، «چېكىتمىسى» بىلەن تەڭ يەنە ئۇسسۇل باشلىنىدۇ. مۇقام ۋە ئۇسسۇل شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىپ، ئادەتتە بەش ياكى ئالتە مۇقام تۈگىگەندىن كېيىن يەنە پوتا ئويۇنى باشلىنىدۇ. مەشرەپ ئادەتتە ئۈچ، تۆت سائەت داۋاملىشىدۇ. ئەگەر كەيپىيات ناھايىتى قىزغىن بولۇپ، مەشرەپ ئەھلى يىگىتبېشىدىن

تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالسا، ئىككىنچى كۇنى تاڭ ئاتقۇچە داۋاملىشىدۇ.

## ئاۋات دولان چالغۇلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى

**ئاۋات دولان راۋابى:** دولان راۋابى ئۇجمە ياغىچىدا بېشى 17 ~ 20 سانتىمېتىر چوڭلۇقتا، ئىچى 2 ~ 4 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئويۇپ ياسىلىدۇ. ئارقا تەرىپى ياپىلاق بولۇپ، كەپكۇرگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ دەستىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 60 ~ 75 سانتىمېتىر، خەرەكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 8 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 3 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئۇنىڭغا بەزى جايلاردا 13 تال، بەزى جايلاردا 17 تال قولاق بېكىتىلىپ، يۇقىرىدىكى ئۇچ قولاققا ئىككىسى زىل، بىرسى بوم ئۇچ تال تارا، راۋاب دەستىسىنىڭ بىر يان تەرىپىگە بېكىتىلگەن 10 تالدىن 14 تالغىچە بولغان قولاقلارغا سىم تارا تارتىلىدۇ. ئالدى تەرەپكە زىل تارا، ئارقىغا بىر تال بوم تارا، ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئىككى تال بوم تارا، ئۇنىڭمۇ ئارقىسىغا سىم تارا تارتىلىدۇ. ئالدىنقى زىل تارا ئارقىدىكى قوش سىم بىلەن ئوخشاش تەڭشىلىدۇ.

**ئاۋات دولان قىل غېجىكى:** دولان قىل غېجىكىنىڭ ياسىلىشى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، ئۇنى غېجەكچىلەر ئۆزى ياسىۋالىدۇ. غېجەكنىڭ بېشى جىگدە ياكى يۇلغۇننىڭ ھورىرىكىدىن يۇمىلاق قىلىپ ياسىلىپ، ئىچى قاپاقنىڭ قېلىنلىقىدا تەكشى ئويۇلىدۇ. غېجەك بېشىنىڭ يۇزى كىچىك(تەخمىنەن 10 ~ 14 سانتىمېتىر)، قورسىقى چوڭراق كومزەك شەكلىدە بولىدۇ، غېجەك دەستىسى 70 ~ 80 سانتىمېتىر، كامالچىسى 60 سانتىمېتىر، غېجەك بېشى بىلەن قولىقىنىڭ ئارىلىقى 40 ~ 50 سانتىمېتىر كېلىدۇ، دەستىسى توم ياسىلىپ ئۇچى تەرىپى قۇببە شەكلىدە خەرەكلىك بولىدۇ. ئاستى تەرىپىدە غېجەكنىڭ بېشىدىن چىقىپ تۇرىدىغان 20 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تۆمۈر دەستىسى بولۇپ،

ئۇنى يوتىسىغا دەسسىتىپ چالىدۇ (بۇرۇنلاردا ياغاچتىن چىرايلىق قىرىلىپ دەستە چىقىرىلغان). غىجەكنىڭ ئاساسلىق تارىسى بىر تال، قوشۇمچە تارىسى بىر تال بولۇپ، تەخمىنەن 45 تال قىل بىر تال تارا قىلىنىدۇ، كامالچىگە 55 ~ 60 تال قىلنى بىرلەشتۈرۈپ سالىدۇ. غىجەك خەرىكىنىڭ ئالدىغا 6 دانە كىچىك تۆشۈك، غىجەك بېشىنىڭ كەينى تەرىپىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا دىيامېتىرى بىر يېرىم سانتىمېتىر چوڭلۇقتا تۆشۈك ئېچىلىدۇ، غىجەكنى چالغاندا بۇ تۆشۈكچىلەر تەبىئىي ھالدا ياڭراتقۇنىڭ رولىنى ئۆتەيدۇ.

**ئاۋات دولان قالۇنى:** دولان قالۇنىنىڭ شەكلى پاختا ئاتىدىغان ئۇسكۇنىنىڭ بېشىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. قالۇن ساندۇق شەكلىدە بولۇپ، ئۇنىڭ كەڭلىكى 50 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 70 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 12 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئالدى تەرەپكە قول پاتقۇدەك تۆت چاسا شەكىلدە تۆشۈك ئويۇلىدۇ. قالۇنلارنىڭ ھەممىسى ئادەتتە 33سىملىق بولۇپ، بىرىنچى، ئىككىنچى سىملىرىنىڭ ئارىلىقى 3 ~ 4 سانتىمېتىر، ئىككىنچى، ئۈچىنچى سىملىرىنىڭ ئارىلىقى 1.5 ~ 2.5 سانتىمېتىر، ئۈچىنچى، تۆتىنچى سىملىرىنىڭ ئارىلىقى 3 ~ 4 سانتىمېتىر، تۆتىنچى، بەشىنچى سىملىرىنىڭ ئارىلىقى 1.5 ~ 2.5 سانتىمېتىر قىلىنىپ، قالغانلىرىمۇ مۇشۇ بويىچە تەڭشىلىدۇ. 33 سىمدا 15 تار ئارىلىق، 16 كەڭ ئارىلىق ھاسىل بولىدۇ. قالۇن خەرىكى ئۇزۇن بولۇپ، چىرايلىق ئېگىپ قالۇن ئەگمىسىنىڭ شەكلىگە ماسلاشتۇرۇپ ئورنىتىلىدۇ. چالغاندا زەخمەك ۋە گوشتاپ ئىشلىتىلىدۇ.

**دولان نەغمە دېپى:** دولان نەغمە دېپىنىڭ دىيامېتىرى 25 ~ 26 سانتىمېتىر بولۇپ، گەردىشى توغراق ياكى ئۈجمە ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. داپ گەردىشىنىڭ ئىچىگە قاغا تۇمشۇقلۇق ھالقا قېقىلىدۇ، ئادەتتە ئوغلاق تېرىسى بىلەن كېرىلىدۇ.

ئاۋات ناھىيەسى ئۇيغۇر دولانلىرى نىسبەتەن توپلىشىپ

ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا ئەل ئىچىدىكى نۇرغۇن خەلق سەنئەتكارلىرى ئاۋات دولان مەشرىپىنىڭ بوگونكىدەك قېلىپلاشقان، سىستېمىلاشقان مۇنتىزىم سەنئەت شەكلىگە ئايلىنىشىغا زور تۆھپە قوشقان ھەمدە بۇ بىباھا سەنئەت مىراسى بولغان دولان مۇقاملىرىنى تەدرىجىي ھالدا تېخىمۇ بېيىتىپ، بوگونكى ئەۋلادلارغىچە يەتكۈزگەن. تۆۋەندە ناھىيە تەۋەسىدىكى تەسىرى بىر قەدەر زور بولغان، ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە ھازىرمۇ ھايات ياشاۋاتقان بىر قىسىم سەنئەتكارلار تونۇشتۇرۇلىدۇ.

## ئاۋات دولان مۇقامچىلىرىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

**ئاۋۇت مۇسا:** 1923 ـ يىلى ئاۋات ناھىيەسى غوروچۆل بازىرىنىڭ بوسۇغا كەنتىدە تۇغۇلغان، دەسلەپتە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان، كېيىن دادىسىدىن دولان مۇقاملىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنداش ماھارىتىنى ئىگىلىگەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خەلق ئىچىدىكى پېشقەدەم دولان مۇقامچىلىرى ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئاۋۇت مۇسا كېيىنكى كۈنلەردە مەشھۇر دولان مۇقامچىسى بولۇپ يېتىلگەن. ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەتلىك خەلق سەنئىتى تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ دولان مۇقاملىرىنى لېنتىغا ئېلىش، توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەمدە بولغان ھەمدە كۆپلىگەن ياشلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن. ھازىر ئۇنىڭ يېتىشتۈرگەن شاگىرتلىرى مەشرەپ مەركەزلىرىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ خەلققە ھۇزۇر بېغىشلاپ كەلمەكتە. بۇ داڭلىق خەلق سەنئەتكارى 2004 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

**مەمتاۋلا راۋاب:** ئاتاقلىق خەلق ئەلنەغمىچىسى مەمتاۋلا راۋاب 1924 ـ يىلى ئاۋات ناھىيەسى غوروچۆل بازىرىنىڭ قەدىم ئايماق كەنتىدە ئوقۇمۇشلۇق، سەنئەتكار كىشى ئاخنىياز ئاخۇن

ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ دولان راۋابى بىلەن نەغمە قىلىشنى ۋە مۇقام توۋلاشنى ئۆسمۈرلۈك چېغىدىن باشلاپلا ناھايىتى ياخشى ئۆگەنگەن. 1952 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنغان، بۇ جەرياندا مۇقام ئاھاڭلىرى، شۇنداقلا «دولان ناۋاسى» تېمىسىدىكى مۇقامنى توپلاش ۋە رەتلەش يولىدا ئىزدەنگەن ھەمدە كۆپلىگەن ئاھاڭلارنى شۇنداقلا «دولان ناۋاسى» تېمىسىدىكى مۇقامنى ئىجاد قىلغان. ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەتلىك خەلق سەنئىتى تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ دولان مۇقاملىرىنى لېنتىغا ئېلىش، توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەمدە بولغان. ھازىر ئۇ يېتىشتۈرگەن شاگىرتلار مەشرەپ مەرىكىلىرىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ خەلققە ھۇزۇر بېغىشلاپ كەلمەكتە. بۇ داڭلىق خەلق سەنئەتكارى 2001 ـ يىلى4 ـ ئايدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

**ئىمىرەمزى قۇربان:** 1927 ـ يىلى ئاۋات ناھىيەسى غورۇچۆل بازىرىنىڭ ئايكۆل كەنتىدە سازەندە ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئىمىرەمزى قۇربان كىچىك چېغىدىن باشلاپلا ئاتىسى قۇربان راۋاب بىلەن بىرگە چوڭ ـ كىچىك مەشرەپلەرگە بېرىپ، داڭلىق دولان راۋابچىسى مەرھۇم مامۇت تاشنى ئۇستاز تۇتۇپ راۋاب چېلىش ماھارىتىنى پۇختا ئۆگىنىش بىلەن بىرگە، ئۆز يېزىسىدىكى ياش مۇقام ھەۋەسكارلىرىدىن ئابدۇقادىر مۇسا، بارات ئاۋۇت، تۇنىياز تۇردى، ئەسئەت سوپى، ھەسەن راۋابلارغا دولان راۋابىنى ياساش ۋە چېلىشنى ئۆگىتىپ، كۆپلىگەن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن. دولان مۇقاملىرىنى توپلاش، رەتلەش ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشقان. ئىمىرەمزى قۇربان گەرچە 1988 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ شوخ، لەرزان ئاۋازى، ئۇ چالغان دولان راۋابىنىڭ جاراڭلىق ساداسى تاكى بۈگۈنگىچە ئۇزۇلمەي ياڭرىماقتا.

**سەمەت سوپى:** 1925 ـ يىلى ئاۋات ناھىيەسى غورۇچۆل بازىرىنىڭ بەشئېرىق كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان تۆتىنچى ئەۋلاد دولان مۇقامچىسى بولۇپ، ئاۋۇت مۇسا، ئىسمائىل

دائىم، مۇھەممەد مۇسا، ئەمەت ئۇستا قاتارلىق مۇقامچىلاردىن قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئۇستا دولان مۇقامچىسى ھەم يىگىتبېشى بولۇپ يېتىلىپ، خەلق ئارىسىدا پات ـ پات مەشرەپ تەشكىللەپ، خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان.

ئۇ داڭلىق دولان مۇقامچىلىرىدىن ئىمىر ئىبراھىم، ئىمىن ئىسمائىل، ئىمىر ئەمەت قاتارلىقلارنى تەربىيەلىگەن. 1983 ـ يىلى تەڭرىتاغ كىنو ئىستودىيەسى ئىشلىگەن «يىراق يېزىغا مۇھەببەت» ناملىق فىلىمنىڭ سۇرەتكە ئېلىنىشى ۋە دولان مۇقاملىرىنىڭ توپلاپ رەتلىنىش ئىشلىرىدا زور تۆھپە قوشقان. بۇ داڭلىق خەلق سەنئەتكارى 2005 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

**ئىمامنىياز سامساق:** 1922 ـ يىلى ئاۋات ناھىيەسى بەشئېرىق بازىرىنىڭ دۆڭبويى كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا ئۆز يېزىسىدىكى ئاتاقلىق دولان راۋابچىسى مۇھەممەد راۋابنى ئۇستاز تۇتۇپ، چوڭ ـ كىچىك سورۇنلاردا راۋاب چېلىش ماھارىتىنى پۇختا ئىگىلەش بىلەن بىرگە، ئوغۇللىرىدىن قارەك، نەمەتخان ۋە ئەمەر ئىمىن، تۇنىياز ئىمىن، رەمەت نەمەت، قۇۋاننىياز ئاخۇن، ساۋۇت مامۇت، مۇۋاخان، قەلەمخان قاتارلىق شاگىرتلارنى تەربىيەلەپ، دولان مۇقاملىرىنىڭ ئومۇملىشىشى ئۈچۈن ھەسسە قوشقان. ناھىيەنىڭ ئۈچ توپلام خىزمىتىگە يېقىندىن ھەمكارلاشقان ھەمدە دولان مۇقامىدىن ئۆزگەرتىپ ئۆزلەشتۈرۈلگەن بەشئېرىق سەنئىتىنىمۇ پىششىق ئىگىلەپ، تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ توپلاپ پايدىلىنىشىغا يېقىندىن ياردەم بەرگەن. بۇ داڭلىق خەلق سەنئەتكارى 2001 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

**قۇربان نىياز:** 1927 ـ يىلى ئاۋات ناھىيەسى بەشئېرىق بازىرىنىڭ دۆڭبويى كەنتىدە تۇغۇلغان. كىچىكىدىن باشلاپ مۇھەممەد راۋابنى ئۇستاز تۇتۇپ، دولان مۇقاملىرىنى پۇختا ئۆگەنگەن، كېيىن سورۇنلاردا ئىمامنىياز راۋاب بىلەن بىرگە

نەغمە قىلىپ، خەلققە ھۇزۇر بېرىپ كەلگەن. 1983 ـ يىلى تەڭرىتاغ كىنو ئىستودىيەسى ئىشلىگەن «يىراق يېزىغا مۇھەببەت» ناملىق فىلىمنىڭ سۈرەتكە ئېلىنىشى، شۇنداقلا تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ دولان مۇقامىدىن ئۆزگەرتىپ ئۆزلەشتۈرۈلگەن بەشئېرىق سەنىمىنى قېزىپ، رەتلەپ، ئومۇملاشتۇرۇشىغا زىچ ھەمكارلاشقان. بۇ داڭلىق خەلق سەنئەتكارى 1995 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

**ئىمىر ئىبراھىم:** 1929 ـ يىلى ئاۋات ناھىيەسى غوروچۆل بازىرىنىڭ بەشئېرىق كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ ئاتا ـ بوۋىسى ۋە باشقا ئۇستاز مۇقامچىلاردىن دولان مۇقاملىرىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن ۋە بىر قەدەر ياخشى ۋە تولۇق ئېيتالايدىغان ماھارەتنى يېتىلدۈرگەن. 50 نەچچە يىلدىن بۇيان چوڭ ـ كىچىك مەشرەپلەردە مۇقام ئېيتىپ كەلگەن ۋە شاگىرتلارنى تەربىيەلىگەن. ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەتلىك خەلق سەنئىتى تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ دولان مۇقاملىرىنى لېنتىغا ئېلىش، توپلاش، رەتلەش، تەتقىقات ئىشلىرىغا ئاكتىپ ھەمكارلاشقان. ھازىرمۇ مەشرەپلەردە ئاساسلىق مۇقامچى سۈپىتىدە دولان مۇقاملىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىپ، دولان مەشرەپلىرىنى قىزىتىپ كەلمەكتە.

**ئىمىر ئەمەت:** 1937 ـ يىلى ئاۋات ناھىيەسى غوروچۆل بازىرىنىڭ ئايكۆل كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ ئاتا ـ بوۋىسى ۋە باشقا ئۇستاز مۇقامچىلاردىن دولان مۇقاملىرىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن ۋە بىر قەدەر ياخشى ۋە تولۇق ئېيتالايدىغان ماھارەتنى يېتىلدۈرگەن. كۆپ قېتىم ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن كۆرەكلەرگە قاتناشقان، پايتەخت سەھنىلىرىدە چوڭ تېپتىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل «دولان چېچەكلىرى» نىڭ دولان مۇقامى قىسمىنى ئېيتىپ زور شەرەپ قۇچقان. يىگىتلىك چاغلىرىدىن باشلاپلا مەشرەپلەردە مۇقامنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىپ شۆھرەت قازانغان ۋە شاگىرتلارنى

يېتىشتۈرگەن. بۇ داڭلىق مۇقامچى 2004 ـ يىلى ناھىيەدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىئانە قىلغان 70 مىڭ يۈەن پۇلغا يۇرتىغا كۆۋرۈك سالدۇرۇش ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرۇپ، بىر يېرىم يىلدىن كېيىن، 2006 ـ يىلى 8 ـ ئايدا 69 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

**ئابدۇقادىر مۇسا:** 1945 ـ يىلى ئاۋات ناھىيەسى غوروچۆل بازىرىنىڭ دولان كەنتىدە داڭلىق مۇقامچى ۋە سازەندە ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ سەنئەت جەھەتتىكى تەبىئىي تالانتى بىلەن 15 يېشىدىلا ناھىيەلىك دولان ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنغان، كىچىكىدىن باشلاپ مەرھۇم ئىمىرەمزى قۇربان، ئاۋۇت مۇسا، ۋىلايەتلىك سەنئەت مەكتەپتىن پېنسىيەگە چىققان داڭلىق مۇقامچى مەرھۇم مۇھەممەت مۇسا، ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىدىن پېنسىيەگە چىققان داڭلىق مۇقامچى مەرھۇم داۋۇت مەتنىياز، تاغىسى مامۇت تاش قاتارلىق مۇقامچىلار ۋە دولان راۋابچىلىرىدىن دولان مۇقاملىرىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن. دولان راۋىبى، داپ، قەشقەر راۋىبى، دۇتتار، تاش، قالۇن قاتارلىق سازلارنى چېلىشنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، مەشرەپلەردە قالۇندىن ئىبارەت بۇ تەۋەرۈك چالغۇنى چېلىپ ئۆز رولىنى جارىي قىلدۇرغان. كۆپ قېتىم ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن كۆرەكلەرگە قاتنىشىپ شەرەپ قازانغان. ھازىرغا قەدەر ھەمزى مەتنىياز، كېرەمجان، مامۇت نەمەت، ئېزىز ئابلىز، مەرھۇم ئابباس قارى قاتارلىق شاگىرتلارنى يېتىشتۈرۈپ، دولان مۇقاملىرىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ۋە ئۇنى ئىچكىرى ئۆلكە ۋە خەلقئاراغا تونۇتۇشتا ئۆز تۆھپىسىنى قوشقان. ئىلگىرى ـ كېيىن ئوقۇتقۇچى ۋە ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت ـ سەنئەت كەسپىي خادىمى بولۇپ ئىشلەپ، 2002 ـ يىلى پېنسىيەگە چىققان بولسىمۇ، ئۆزى قالۇن، ئوغۇللىرى تاش ۋە داپ چېلىپ، مەشرەپلەرنى قىزىتىپ كەلمەكتە.

**ئېزىز ئابلىز:** 1954 ـ يىلى ئاۋات ناھىيەسى غوروچۆل بازىرىنىڭ كەلپىن كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ

ئۇستاز مۇقامچىلاردىن دولان مۇقاملىرىنى ئۆگەنگەن ھەمدە مۇشۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ئاساسەن، خىزمەت يېشىغا توشمايلا ناھىيەلىك دولان ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنىپ، ئارتىس ۋە مەسئۇل خادىم بولۇپ 15 يىلغا يېقىن ئىشلىگەن، كېيىن ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىغا يۆتكىلىپ، چوڭ ـ كىچىك مەشرەپلەردە ئۆزىنىڭ تەشكىللەش قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش، دولان مۇقاملىرىنى رەتلەش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش، دولان مۇقاملىرىنى ئىچكىرى ئۆلكە ۋە خەلقئارىغا تونۇتۇش جەھەتلەردە زور تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇ ھازىر ئاۋات ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى، دولان ئەلنەغمىچىلەر سەنئەت ئۆمىكىنىڭ يېتەكچىسى ۋە ئاساسلىق مۇقامچىسى. ساتار، دۇتتار، داپ ۋە تاشنى ياخشى چالغاندىن سىرت، دولان مەشرەپلىرىنى تەشكىللەش، مەشرەپتە ئاساسلىق مۇقامچى سۈپىتىدە دولان مۇقاملىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىش، مەشرەپلەردە يىگىتبېشى بولۇش، شۇنىڭدەك غەيرىي ئاغزاكى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قېزىش ۋە رەتلەش خىزمەتلىرىگىمۇ زور كۈچ چىقىرىپ كەلمەكتە.

**ئابدۇللا ئىمامنىياز:** 1940 ـ يىلى ئاۋات ناھىيەسى ئايباغ يېزىسىنىڭ تۆۋەنكى كەلپىن كەنتىدە مۇقامچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1960 ـ يىلىدىن باشلاپ داپ چېلىپ مۇقام ئېيتىشنى ئۆگىنىپ تەدرىجىي ئەلنەغمىچى بولۇپ يېتىشكەن، دولان مۇقاملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئۇنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ۋە خەلقئاراغا تونۇتۇش جەھەتلەردە زور تۆھپىلەرنى قوشقان ھەمدە شاگىرت يېتىشتۈرگەن. ئۇ دولان مۇقاملىرىنى تولۇق بىلگەچكە، باش مۇقامچى سۈپىتىدە دولان مۇقاملىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىپ، دولانلارغا زوق بېغىشلاپ كەلمەكتە.

**تۇنىياز تۇردى:** 1938 ـ يىلى ئاۋات ناھىيەسى غورۇچۆل بازىرىنىڭ بىرىنچى ياربېشى كەنتىدە مۇقامچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ داپ مۇقام ئېيتىدۇ، دولان مۇقاملىرىنىڭ تېكىستلىرىنى ئاساسەن تولۇق بىلىدۇ. ئۇ دولان مۇقاملىرىنى

ئىچكىرى ئۆلكە ۋە خەلقئاراغا تونۇتۇش جەھەتلەردە زور كۆچ چىقىرىپ كەلمەكتە.

**نەمەت مۇھەممەد:** 1939 ـ يىلى ئاۋات ناھىيەسىنىڭ بەشئېرىق بازىرى ساڭ كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇ دولان راۋابىنى ياخشى چالغاچقا دولان مۇقاملىرىغا راۋاب بىلەن تەڭكەش قىلىپ ۋايىغا يەتكۈزۈپ چېلىپ، دولان مەشرەپلىرىنى قىزىتىپ كەلمەكتە ھەمدە دولان مۇقاملىرىنى ئىچكىرى ئۆلكە ۋە خەلقئارادا تونۇتۇش جەھەتلەردە ئۆز رولىنى جارىي قىلدۇرماقتا.

**ئىمىن ئىسمايىل:** 1938 ـ يىلى ئاۋات ناھىيەسى غوروچۆل بازىرىنىڭ بەشئېرىق كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا دەپ چېلىپ مۇقام ئېيتىپ نەغمە قىلىشنى ئۆگەنگەن. دولان مۇقاملىرىنىڭ تېكىستلىرىنى ئاساسەن تولۇق بىلگەچكە، دولان مۇقاملىرىنى ئىچكىرى ئۆلكە ۋە خەلقئاراغا تونۇتۇش جەھەتلەردە ئاساسلىق مۇقامچى سۈپىتىدە دولان مۇقاملىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىپ كەلمەكتە.

**مۇھەممەد يۈنۈس:** 1940 ـ يىلى ئاۋات ناھىيەسى غوروچۆل بازىرىنىڭ چارۋىچىلىق كەنتىدە مۇقامچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا دولان راۋابى چېلىشنى ئۆگەنگەن. دولان ئەلنەغمىچىلەر ئەترىتى بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئويۇن كۆرسىتىشكە قاتناشقان. ھازىر مەشرەپلەردە دولان راۋابىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چېلىش بىلەن بىرگە شاگىرت يېتىشتۈرمەكتە.

**بارات ئاۋۇت:** 1949 ـ يىلى ئاۋات ناھىيەسى غوروچۆل بازىرىنىڭ ئارا مەھەللە كەنتىدە مۇقامچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ دولان راۋابى چېلىشنى پۇختا ئۆگەنگەچكە دولان مۇقاملىرىنى ئىچكىرى ئۆلكە ۋە خەلقئاراغا تونۇتۇش جەھەتلەردە دولان راۋابىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چېلىپ، دولان مەشرەپلىرىنى قىزىتىپ تېگىشلىك كۆچ چىقىرىپ كەلمەكتە.

**ئەمەر مامۇر:** 1932 ـ يىلى ئاۋات ناھىيەسىنىڭ تامتوغراق يېزىسى تۆۋەنكى ئارال كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ

داپ چېلىپ مۇقام ئېيتىپ نەغمە قىلىشنى ئۆگەنگەن. دولان مۇقاملىرىنىڭ تېكىستلىرىنى ئاساسەن تولۇق بىلگەچكە دولان مۇقاملىرىنى تووۋلاپ ئېچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئويۇن كۆرسىتىشكە قاتناشقان. ھازىرمۇ دولان مۇقاملىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىپ، دولان مەشرەپلىرىدە مەشرەپ خۇمار خەلقىمىزنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ كەلمەكتە.

**ئابدۇراخمان روزى:** 1949 ـ يىلى ئاۋات ناھىيەسى غوروچۆل بازىرىنىڭ قەدىمئايماق كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ داپ چېلىپ مۇقام ئېيتىشنى ئۆگەنگەن، دولان مۇقاملىرىنى ئىچكىرى ئۆلكە ۋە خەلقئاراغا تونۇتۇش جەھەتلەردە مۇناسىپ كۈچ چىقىرىش بىلەن بىرگە شاگىرت يېتىشتۈرمەكتە. ئەمەر مامۇر يەنە «ئەمەر باخشى» دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، پىرىگە داپ چالالايدۇ.

**مۇھەممەد راخمان:** 1950 ـ يىلى ئاۋات ناھىيەسى ئايباغ يېزىسىنىڭ تۆۋەنكى كەلپىن كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن غېجەك، دۇتتار، ئىسكىرىپكا چېلىشنى ئۆگەنگەن. كېيىن دولان قىل غېجىكىگە ئىشتىياق باغلاپ ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ھازىر چوڭ ـ كىچىك مەشرەپلەردە قىل غېجەك چېلىپ، دولان مۇقاملىرىنىڭ مېلودىيە ۋە كۈي ـ ئاھاڭلىرىنى بېيىتىشقا تۆھپە قوشۇپ كەلمەكتە.

**ئامىنەم ئابلا:** 1948 ـ يىلى ئاۋات ناھىيەسى غوروچۆل بازىرىنىڭ قەدىمئايماق كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن مۇقام ئېيتىشنى ئۆگەنگەچكە دولان مۇقاملىرىدىن بىر قانچىنى تولۇق بىلىدۇ. ئۇ ھازىر ئىلگىرى ياشاپ ئۆتكەن داڭلىق ئايال مۇقامچىلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، چوڭ ـ كىچىك مەشرەپلەردە ئۆزىنىڭ ياڭراق ئاۋازى بىلەن دولان مۇقاملىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىپ، خەلقىمىزگە ھۇزۇر بېغىشلاپ كەلمەكتە.

**ئەخمەت ئابدۇقادىر:** 1971 ـ يىلى ئاۋات ناھىيەسىنىڭ ئاۋات بازىرىدا داڭلىق سازەندە ۋە مۇقامچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، كىچىكىدىن باشلاپ دادىسىدىن مۇقام ئېيتىشنى ئۆگەنگەن،

دۇتتار، راۋاب، داپ، تاش، قالۇن قاتارلىق سازلارنى ياخشى چالىدۇ، «غوجالدىرىۋاق» ئۇسسۇلىنى ياخشى ئوينايدۇ، مەدەنىيەت يۇرتىدا خىزمەت قىلىدۇ.

**ئەمەر شادى:** 1927 ـ يىلى ئاۋات ناھىيەسى بەشئېرىق بازىرىنىڭ ئۇستۇنكى بەشئېرىق كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ مەشرەپ مەرىكىلەرگە قاتنىشىپ، دولان ئۇسسۇلى ئويناشنى ئۆگەنگەچكە دولان ئۇسسۇلىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئوينايدۇ، دولان ئۇسسۇلىنى ئىچكىرى ئۆلكە ۋە خەلقئاراغا تونۇتۇش جەھەتلەردە زور كۈچ چىقارماقتا ھەمدە شوخ ۋە تېتىك ئۇسسۇللىرى بىلەن مەشرەپ ئەھلىگە زوق بېغىشلاپ كەلمەكتە.

**ئىسلام مۇسا:** 1924 ـ يىلى ئاۋات ناھىيەسىنىڭ بەشئېرىق بازىرى بوستان كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن مەشرەپ مەرىكىلەرگە قاتنىشىپ دولان ئۇسسۇلى ئويناشنى ئۆگەنگەچكە، دولان ئۇسسۇلىنى بەكمۇ چىرايلىق ئويناپ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى كاتتا سەھنىلەردە نامايان قىلماقتا. ھازىر گەرچە 90 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، مەشرەپلەردە شوخ ۋە تېتىك ئۇسسۇللىرى بىلەن يەنىلا كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە.

**ئىلياس رىشىت:** 1980 ـ يىلى ئاۋات ناھىيەسىنىڭ بەشئېرىق بازىرى چاتقاللىق كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ مەشرەپ، بەزمە ـ باراۋەتلەرگە قاتنىشىپ، ئۆزىدە ھازىر جاۋابلىق، چاقچاقچىلىق، قوشاقچىلىق ئالاھىدىلىكىنى يېتىلدۈرگەن. مەشرەپلەردە نەق مەيداندا ئىجادىي قوشاقلارنى توقۇپ، كەيپىياتنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەن. «شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى» ئۇيۇشتۇرغان ھېيتلىق پىروگراممىلارغا قاتناشقان.

**مېھرىگۈل ئابلا:** 1974 ـ يىلى ئاۋات ناھىيەسىنىڭ ئاۋات بازىرىدا تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ مۇقام، ناخشا ـ قوشاقلارنى كۆپ ئاڭلاپ، نۇرغۇنلىرىنى ئېسىدە قالدۇرۇۋالغان. مەشرەپلەردە نەق مەيداندا ئىجادىي قوشاقلارنى توقۇشتا ھازىر

جاۋابلىقى بىلەن تونۇلغان بولۇپ، بىر قېتىمدا 10 ~ 15 كۇپلېت قوشاق توقۇپ، مەشرەپ ئەھلىنى ھەيران قالدۇرغان ھەتتا توقۇغان بەزى قوشاقلىرى ئەل ئارىسىدا ئېيتىلىپ كەلمەكتە. «شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى» نىڭ ھېيتلىق پىروگراممىلىرىغا تەكلىپ بىلەن قاتناشقان.

(**ئىزاھات:** بۇ مەزمۇنلار مۇھەممەد ئوسمان ئەمىرىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىكىدە 2004 ـ يىلى 4 ـ ئايدا سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى ئاۋات ناھىيەلىك خىزمەت كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ئاۋات تارىخىي ماتېرىياللىرى» نىڭ 4 ـ قىسمىدىكى مۇھەممەد ئوسمان ئەمىرىنىڭ «ئاۋات دولان مەدەنىيىتىدىكى نامايەندىلەر» ناملىق ماقالىسىدىن پايدىلىنىلدى.)

# دولان مۇقامى تېكىستلىرىدىكى بەزى ناتوغرا ئۆزگىرىشلەر توغرىسىدا

ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ سوت ئانىسى بولغان ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، يازما ئەدەبىيات پەيدا بولۇشتىن خېلى بۇرۇنلا بارلىققا كەلگەن.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ۋە تۈرلۈك ھېكايەتلەر قۇلاقتىن ـ قۇلاققا، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈش داۋامىدا، تېخىمۇ سىلىقلىنىپ ۋە بەدىئىي جەھەتتىن تاۋلىنىپ ۋايىغا يېتىش بىلەن بىرگە، ماددىي، مەنىۋى تەرەققىيات داۋامىدا ئىستېتىك تەلىپى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىۋاتقان ئىجادكار، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدا مۇزىكا ئېھتىياجى پەيدا بولغان. شۇنىڭ بىلەن، كەڭ تەبىئەتتىكى ۋە ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتتىكى تۈرلۈك ـ تۈمەن ئاۋازلارنىڭ (جۈملىدىن خىلمۇ خىل قۇشلارنىڭ سايراشلىرى، شارقىراتما، شامال ئاۋازلىرى)، ئوۋچىلىق ۋە باشقا ئەمگەك رىتىملىرىنىڭ، جەسۇر ۋە غالىب يۈرۈشلەرنىڭ شاھىدى بولمىش ئات تۇياقلىرىنىڭ، شۇنداقلا تۈرلۈك تۈتەم ئېتىقادچىلىقىنىڭ مەھسۇلى بولغان تۈتەم مۇراسىملىرىدىكى تەسىرلىك مۇناجات ۋە ئىلتىجالارنىڭ، قىسقىسى قۇلاققا ئاڭلانغان ۋە مېڭىگە تەسىر قىلغان بارلىق ئەھمىيەتلىك ئاۋازلارنىڭ ئۇلارنىڭ قەلب تارىلىرىنى توختاۋسىز غىدىقلىشى بىلەن ئىپتىدائىي ناخشا ـ كۈي ئاھاڭلىرى پەيدا بولغان. «تەڭرىتاغ بويلىرى، تارىم ۋادىسىدا ياشاپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم ئېتنىك تەركىبلەردىن بولغان قەدىمكى ئاھالە تۈركۈملىرى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى چاغلاردىلا دېھقانچىلىق ۋە شەھەر مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان.

جۇملىدىن يەرلىك ۋە مىللىي پۇراققا ئىگە بولغان ئاجايىپ ۋە رەڭدار مۇزىكا مەدەنىيىتىنى ياراتقان»[①] ھەر قانداق ئېھتىياج كىشىدە مەلۇم ئارزۇ - ئۈمىد، ئەمگەك - مېھنەت ئىستىكى پەيدا قىلدۇرغان بولغاچقا، تەڭكەش قىلىش ئېھتىياجى بىلەن ئەڭ بۇرۇنقى ئىپتىدائىي سازلاردىن نەي، پىپا، داپ، سۇناي، بالىمان قاتارلىقلار ياساپ چىقىلغان. ئەمگەك تەرەققىياتىنىڭ چوڭ مېڭىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى، ئاشۇ ئاددىي سازلاردىن چىققان رىتىملىق ئاۋازلارنىڭ تەدرىجىي ھالدا باش ئاخىرى ماسلاشقان مەلۇم كۈي شەكلىگە مۇجەسسەملىنىشى نەتىجىسىدە، بۇنىڭغا تېكىست سېلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان. خۇددى ئەبۇ ناسىر فارابىي (871 ~ 950) «مۇزىكىنىڭ تىلسىز مۇڭلىرى ئىنسان روھىغا ئوت تۇتاشتۇرغۇچى مەنىۋى ئامىلدۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا ئەشئار (تېكىست) قوشۇلسا، ئۇل مۇڭنىڭ سىرى مەلۇم بولغىنىدۇر» دەپ ئېيتقىنىدەك، شۇ دەۋردىكى خەلقنىڭ ئوي - خىيالى، ئارزۇ - ئىستەكلىرى، ئېستېتىك قىزىقىشى، ئوۋچىلىق، تۇرمۇش شەكلى، ياشاش مۇھىتى ۋە ئۆرپ - ئادىتىنىڭ جانلىق بەدىئىي شەكلى بولغان ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى تەبىئىي ھالدا بۇ خىل زۆرۈرىيەتكە ئەڭ يېقىندىن ياندىشىپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىپ كەلگەن.

خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئىجادچىسى ۋە ھەقىقىي ھەقداسى خەلق. ئىسمى بىزگىچە مەلۇم بولغان بىر قىسىم خەلق قوشاقچىلىرىنىڭ نامىدا ئىجاد قىلىنغان خەلق قوشاقلىرى بىلەن ئەۋلادتىن - ئەۋلاد ئېيتىلىپ كەلگەن باشقا خەلق قوشاقلىرىنى ئايرىشمۇ تەس. سۆز بايلىقى ناھايىتى مول بولغان ئۇيغۇر تىلى تېكىستولوگىيەسىدىكى چوڭقۇر مەنىلىك، ئوبرازلىق سۆزلەرنىڭ ئاكتىپ قوللىنىلىشى بىلەن دەريا بويىدىكى تاشتەك سىلىق، سۆز - جۈملىلىرى بىر - بىرىگە ھىمزىرھىم ۋە ناھايىتى جىپسىلاشقان، مىسرالىرى رەڭدار ۋە ئويناق، مەجازى ۋاسىتىلەرنىڭ جانلاندۇرۇشىدا شەبنەم سۆيگەن قىزىل گۈلدەك جۇلالىنىپ ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان تۇرلۇك خەلق

ناخشىلىرى ۋە مۇقام تېكىستلىرىدە ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا ئېيتىلىپ، كۆڭۈللەرگە زوق بېغىشلاپ كەلگەن.

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى چوڭ تىپتىكى يۇرۇشلەشكەن كۈيلەر سىستېمىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەسىرلەر مابەينىدە ناھايىتى زور ھەجىمدىكى خەلق قوشاقلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرۈپ كەلگەن. يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە خانلىق ئوردا مۇئەسسەسىنىڭ يېتەكچىسى ئالىم ۋە ئەدىب قېدىرخان يەركەندى (1500 ~ 1572) ۋە مەشھۇر مۇقامشۇناس، شائىرە ئامانىسساخان (1534 ~ 1567) لار ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى قېزىپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇپلا قالماستىن، تېكىستلىرىنى رەتلەشكىمۇ زور كۈچ سەرپ قىلغان. كىلاسسىك شېئىرىيەتتىمىزدىكى يۈكسەك نامايەندە ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋايىدىن باشلانغان كىلاسسىك شېئىرىيەت ئېقىمىنىڭ ئۈلگىيىشى بىلەن (مۇقام تېكىستلىرى ئىچىدە نەۋايىنىڭ لىرىكىلىرى 52.4 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ) مۇقام تېكىستلىرىدىكى خەلق قوشاقلىرى كۆپ قىسمىنى ئىگىلىگەن ھالەت تەدرىجىي ئۆزگىرىپ، ھافىز شىرازى، لۇتفى، نەسىمى، مەشرەپ، ئاتايى، زەلىلى، زۇھۇرى، فىراقى، فۇتۇھى قاتارلىق 44 شائىرنىڭ ئارۇز ۋەزنىنىڭ تۈرلۈك بەھرلىرىدە يېزىلغان نادىر غەزەللىرى ۋە «غېرىب ـ سەنەم»، «سەنۇبەر»قاتارلىق مەشھۇر كىلاسسىك داستانلىرى ئاساس، خەلق قوشاقلىرى قوشۇمچە بولغان. تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئەجدادلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەش ئەۋلاد مۇقامچىلار 16 ـ ئەسىردە رەتلەنگەن، ئىسلاھ قىلىنغان ئون ئىككى مۇقامغا ئىزچىل ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مۇقام ئىزباسارلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش جەھەتتە زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ، ئون ئىككى مۇقامنى ھازىرقى دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزۈپ بەرگەن. «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى بۇنىڭدىن ئىلگىرى (1964 ~ 1983 ـ يىللىرى)

تۇردى ئاخۇن ئاكا ئېيتقان تېكىستلەر بويىچە رەتلىنىپ نەشر قىلىنغانىدى. لېكىن ئۆتمۈشتە خىلمۇ خىل ئىجتىمائىي سەۋەبلەر ۋە ئۇقۇش ـ ئورۇنداش جەھەتتىكى سەۋەنلىكلەر تۈپەيلىدىن بەزى تېكىستلەر قىسقارتىۋېتىلگەن ياكى ئىككى ـ ئۈچ شائىرنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ بېيىتلەردىن قۇراشتۇرۇلغانىدى. 1993 ـ يىلى تېكىستلەرنى ئىككىنچى قېتىم رەتلەشتە، بۇ سەۋەنلىكلەر مەلۇم دەرىجىدە تۈزىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا بەزى سەۋەنلىكلەر بايقالدى. 1995 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى 47 نەپەر ئالىم، مۇتەخەسسىستىن تەركىب تاپقان تۈت گۇرۇپپا تەشكىللەپ، 11 ماددىلىق ئىلمىي قائىدە پىرىنسىپ بېكىتتى. شۇ ئاساستا ئۈچىنچى قېتىم ئەستايىدىل رەتلەپ چىقىلىپ، تېكىستلەرنىڭ مەنبەلىرى تەھقىقلەندى. تېكىستلەرنىڭ مەزمۇن ھەم ۋەزىنلىرى كۈيلەرنىڭ تېما ھەم ۋەزىنلىرىگە ماس كېلىش ئەنئەنىسىگە تولۇق ۋارىسلىق قىلىندى. ئايرىم تېكىستلەردىكى كەم جايلار شۇ تېكىستنىڭ قەدىمكى قول يازمىلىرى ئاساسىدا تولۇقلاندى. تەكرار ئېيتىلغان تېكىستلەر قايسى شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىن ئېلىنغان بولسا، شۇ شائىرنىڭ ياكى زاماندىش شائىرنىڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان باشقا شېئىرلىرى بىلەن يەڭگۈشلەندى. كىلاسسىك شېئىردىن ئېلىنغان تېكىستلەردە، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ لىرىكا جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ نەمۇنىلىرىنى نامايان قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلدى.»[2] ھالبۇكى، بىر قىسىملارنىڭ قارىشى بويىچە «ئانا مۇقام» بولغان ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن «بالا مۇقام»[3] سۈپىتىدىكى دولان مۇقامىنىڭ تېكىستلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك خەلق قوشاقلىرى بولۇپ، ھەر بىر باياۋان ياكى نەغمە بۆلەكلىرى ئۈچۈن مۇقىملاشقان كەتكەن تېكىست يوق.

مۇقەددىمە قىسمىدىكى قىسمەن تۇراقلىق تېكىستلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەربىر نەغمىكەش ئۆزلىرىنىڭ ئېستېتىك تەلىپى، كەيپىياتى، بىلىدىغان قوشاقلىرىنىڭ كۆپ ياكى ئاز بولۇشى، سورۇن (مەشرەپ) كۆلۈمى ۋە باشقا ئەھۋاللارغا ئاساسەن، ئۆزلىرى بىلىدىغان قوشاقلارنى بەستلىگەن. گاھى مىسرا، كۇپلېتلارنى ئۆز خاھىشى بويىچە ئۆزگەرتىپ ئېيتقان، گاھى قوشاقلار بىرقانچە يەردە تەكرارلانغان. قىش پەسىللىرىدە كۆپرەك ئوينىلىدىغان قاتارى مەشرەپلەردە، يۇرت تەۋەسىدە نامى چىققان داڭلىق مۇقامچىلار ئېھتىياجنى قامداپ بولالمىغاندا، دېگەندەك يېتىشىپ بولالمىغان «بالا مۇقامچىلار» ئۆزى بىلگەن ياكى ئېسىدە تولۇق قالمىغان قوشاقلىرىنى ياساپ ـ يامىداپ يۇرۇپمۇ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلەردە مەشرەپ تۆرىگە داخىل بولۇپ كەلگەن. ئەلنەغمىچىلەر مەشرەپ داۋامىدا يېتىلىدىغان، ھېچكىم «مۇقامچى» لىق كىنىشكاڭ بارمۇ؟... دەپ سوراپ يۇرمەيدىغان بولغاچقا، ئۇيغۇر دولانلىرى مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان ئاۋات، مارالبېشى، مەكىت ناھىيەلىرىدە توۋلىنىپ كېلىۋاتقان مۇقام تېكىستلىرىدە خېلى زور پەرقلەر بارلىققا كەلگەن. نەچچە ئەسىرلىك تارىخ داۋامىدا، «ئىگىسىز باغ» قا ئوخشاپ قالغان دولان مۇقامى تېكىستلىرىدىكى بەزى قوشاقلارنىڭ (بۇ تېكىستلەر تۆۋەندە قىسقارتىلىپ قوشاق دەپ ئېلىنىدۇ) سۆز ـ جۈملىلىرى ئۆزگىرىپ كەتكەن، گاھى قوشاقلارنىڭ بىراقلا ئىككى مىسراسى ئۆزگىرىپ، گاھى قوشاقلارنىڭ ئوخشاشمىغان رايونلاردىكى ياكى بىر رايوندىكى ئوخشاش بولمىغان ۋارىيانتلىرى بارلىققا كەلگەن. ئوخشاش بىر رايوندا ئىلگىرى ـ كېيىن توپلانغان مۇقام تېكىستىدىمۇ خېلى پەرقلەر بولغان. مەكىت ناھىيەلىك دولان مۇقامى تەتقىقات جەمئىيىتى، مەدەنىيەت ئىدارىسى تۇزۇپ، شىنجاڭ گۇزەل سەنئەت ـ فوتو سۇرەت نەشرىياتى تەرىپىدىن 1996 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر دولان مۇقامى» ناملىق كىتابتىكى مەكىت ناھىيەسىدە

تـوۋلـنـنـىـپ كـېلىـۋاتقان دولان مـۇقـامى تېـكـىـستـلـىرى بىـلـەن مەمـلـىكـەتـلـىك سـەنـئـەت ئـىلـمى «9 ـ بـەش يـىـللـىـق» پـىلان تېـمـا تەتـقـىقات گـۇرۇپپـىـسـى تـۈزۈپ مـەركـىـزىي مـۇزىـكـا ئـىنـسـتـىـتـۇتـى نـەشرىياتـى تەرىـپـىـدىن 2004 ـ يـىـلـى نەشر قـىـلـىـنـغـان «دولان مۇقامى ئۇستىدە ئېكولوگىـيەلـىك ۋە فـورماتسـىـيەلـىك تـەتقـىقات» نامـلـىـق كـىـتـابـتـىـكـى مـەكـىـت دولان مـۇقامى تـېـكـىـسـتـلـىرىـنى سېلىشتۇرۇپ باقساقمۇ ھەقىقەتەن خېلى پەرق بارلىقىنى بايقايمىز (ھەتتا مۇقام ناملىرىـدىمۇ پەرق بـار)، بۇنى ھەركـىـم ئـىخـتـىيارىـي ھالدا ئۆزى بىلگىنىنى ئېيتىپ كەلگەن دەپ چۈشىنىشكە بولـىدۇ. ئەمما چوقۇم ئوتتۇرىغا قويۇشقا تېگىـشلىك يېرى شۇكى، بـەزى قـوشاقلارنـىـڭ تىلى مـەنتىقىگە چۈشـمەيدۇ، مـەزمـۇنى مۇجـمـەل، ئەسلىدىنلا خەلق ئاممىسىنىڭ ساغلام، توغرا ھېسسىياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان قوشاقلار ئەكس مەنىگە قاراپ ئۆزگىرىپ كەتكەن. بۇ خىل ناتوغرا ئۆزگىرىشلەرنى خاراكتېرى بويىچە تەھلىـل قىلـىـپ باقساق، تۆۋەندىكى بىر قانچە تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

**1. بىرەر غەرەز ياكى باشقىچە نىيەت بىلەن تۈزۈلۈپ، مۇقام تېكىستلىرىگە قوشۇۋېتىلگەن سەلبىي مەنىدىكى قوشاقلار**

سېنىڭ ئاشناڭ مېنىڭ دوستۇم،  
سارايدا مەشرەپ ئوينايلى.  
كۆزىگە ئىلمىغان يارىڭ،  
بېشىغا دەسسەپ ئوينايلى.

بولمايمەنۇ بولمايمەن،  
سېنىڭ بىلەن بولمايمەن.  
سېنىڭ بىلەن بولغۇچە،  
يەڭگەڭ بىلەن ئوينايمەن.[④]

مېنىڭچە، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، مەردۇ ـ مەردانە، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، ئەزەلدىن ۋاپانى قەدىرلەيدىغان، ئۆز يارىغا ئۆلگۈچە سادىق بولىدىغان ئۇيغۇر دولانلىرى مۇقام تېكىستلىرىگە بۇنداق قاملاشمىغان، ھەتتا ئارازچىلىق پەيدا قىلىدىغان، ئۆز ئوبرازىغا زىت، مەزمۇنلىرى ئېگىز ـ پەس قوشاقلارنى مەشرەپلەردە توۋلاپ يۈرمەيدۇ. مەيلى بىرەر نائۇستا قوشاقچى ياكى بىرەرسىنىڭ قانداق مەقسەتتە توقۇغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىراق بۇ قوشاق دولان مۇقامى تېكىستلىرى قاتارىدا ھازىرغا قەدەر توۋلىنىپ كەلمەكتە.

**2. بىرەر سۆزنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن خاتا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان، مەنىسى ئۆزگىرىپ كەتكەن قوشاقلار**

ئاۋات ئەرزىھال باياۋان مۇقامىنىڭ سىيرىلما قىسمىدا مۇنداق بىر قوشاق بار.

ئوتۇغۇچ باشتا بولۇر،
ياخشى جۇۋان قاشتا بولۇر.
ئاۋۋال ئاخشام سۆيسىلە،
تاڭ ئاتقۇچە ناشتا بولۇر.⑤

بۇ قوشاقنى ئوقۇغان ھەر قانداق ئەقلى ـ ھوشى جايىدا كىشى ئوتۇغۇچ نېمىشقا باشتا بولىدۇ؟ شۇ يەرلىك (قوشاق پەيدا بولغان ياكى بۇ مۇقاملار دائىم توۋلىنىدىغان يەردە) كىشىلەردە ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ئوتۇغۇچنى بېشىغا قويۇپ ئۇخلايدىغان ئادەت بارمۇ قانداق؟ دېگەنلەرنى ئويلىماي تۇرالمايدۇ. ئېنىقكى، بۇ قوشاق مۇقام تېكىستى قاتارىدا ئېيتىلىش داۋامىدا ئۆزگىرىپ كەتكەن.

بۇ قوشاقنىڭ ئەسلىسى مۇنداق:

ئوتۇغات⑥ باشتا بولۇر،
ياخشى جۇۋان قاشتا بولۇر.

ئاۋۋال ئاخشام سۆيسىلە،
تاڭ ئاتقۇچە ناشتا بولۇر.

بۇ قوشاقنىڭ ئۇيغۇرچىسى ئەنە شۇنداق بۇزۇلۇپ كەتكەچكە، مەملىكەتلىك سەنئەت ئىلمى «9 ـ بەش يىللىق» پىلان تېما تەتقىقات گورۇپپىسى تۈزۈپ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 2004 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «دولان مۇقامى ئۇستىدە ئېكولوگىيەلىك ۋە فورماتسىيەلىك تەتقىقات» ناملىق كىتابتا مۇنداق تەرجىمە قىلىنغان:

除草机放在了地头,
情人就在河岸等候
黄昏时分亲她一次
不吃不喝过一周[7]

بىز ئۇيغۇرچىسىنى چۈشەنمەي خاتا ئېيتقانىكەنمىز، نەچچە يۈز يىلنىڭ ئالدىدا نەدىمۇ ئوت ئورۇش ماشىنىسى بولسۇن دېگەننى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويماي، يۇقىرىقىدەك تەرجىمە قىلغان تەرجىمانلىرىمىزدىن ئاغرىنىشقا ھېچقانداق ھەققىمىز يوق. يەنە بىر مىسال ئالايلى:

ئەل مېنى يامان دەيدۇ،
بىلمەيمەن يامانلىقنى .
كەچ يېتىپ سەھەر تۇرۇپ،
تىلەيمەن ئامانلىقنى.[8]
— «ئاۋات باش باياۋان مۇقامىنىڭ سەنمى»

بىزدە «ئەلنىڭ كۆزى ئەللىك» دەيدىغان بىر ماقال بار. شۇنداق بولغانىكەن، يامانلىق قىلىشنى بىلمەيدىغان، ئەكسىچە كەچ يېتىپ سەھەر تۇرۇپ ئەلنىڭ ئامانلىقىنى تىلەيدىغان كىشىنى ئەلنىڭ

يامان دېيىشى مۇمكىنمۇ؟ مېنىڭچە، بۇ قوشاقنىڭ بىرىنچى مىسراسى «يار مېنى ياماان دەيدۇ» ياكى «خەق مېنى ياماان دەيدۇ» بولۇشى مۇمكىن.

**3. كېيىنكى ئىككى مىسراسى ئۆزگەرتىلىپ، شۇ رايونغا ماسلاشتۇرۇلغان قوشاقلار**

چىنە خۇمداندىن چىقۇر،
تاماكا تۇرپاندىن چىقۇر.
ئالمىسى يۇمىلاق خېنىم،
خوجاباسقاقتىن چىقۇر.
— «ئاۋات زىل باياۋان مۇقامىنىڭ سەلىقىسى»[9]

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ خېلى ياخشى چىققان بۇ نەمۇنىسىنىڭ كېيىنكى ئىككى مىسراسى ئەسلى «كۆيۈكى ئەمدى بېسىلدى، دەردى ئۆلگەندە چىقۇر» بولۇپ، ئاۋات ناھىيەسى بەشئېرىق بازىرىنىڭ خوجا باسقاق دەپ ئاتىلىدىغان كەنتىنىڭ نامى كىرگۈزۈلگىنىگە قارىغاندا، بەلكىم شۇ يەردە ياشاپ ئۆتكەن سەۋىيەسى ياماان ئەمەس قوشاقچىدىن بىرەرى تۈزگەن ياكى بۇ ئۆزگىرىش كەينىگە مەلۇم ۋەقە يوشۇرۇنغان بولسا كېرەك. بۇنداق ئۆزگەرتىشلەرنى گەرچە خاتا دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، ئەسلىدىكىسى ئۇزاق تاۋلىنىشتىن ئۆتكەن قوشاق بولۇپ، مۇھەببەتنىڭ ئازابى ۋە مەشۇقىغا سادىق ئاشىقنىڭ نىداسىنى تولىمۇ جايىدا ئىپادىلىگەن. شۇڭا بۇنداق قوشاقلارنىڭ يەنىلا ئەسلىسىنى ساقلاپ قالغان تۈزۈك.

**4. چۈشىنىكسىز، مۇجمەل قوشاقلار**

مۇھەببەتسىز ۋەتەن يوق باقسام،
ئول جۇۋانغا يەرنى كۆرسەتسەم.

ئول جۇۋاننىڭ ئوتى يامانىكەن،
تىرىك دوزاخنى كۆرسەتسەم.
ــــ «ئاۋات چۆل باياۋان مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى»[10]

ئانا تىلىمىزنىڭ ئەڭ ئوبرازلىق، جىلۋىدار ھالىتى ۋە نامايەندىسى بولغان خەلق قوشاقلىرى تالاي شائىرلىرىمىزنى يېتىشتۇرگەن ئالتۇن بۆشۈك. مۇقام تېكىستلىرى بولغان خەلق قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنلىرى بىر ـ بىرىگە ناھايىتى جىپسىلىشىپ كەلگەن بولۇپ، كۆپىنچە ھاللاردا، ئالدىنقى ئىككى مىسرادا تەبىئەت مەنزىرىسى ياكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك ئىش ـ ھەرىكەت، تۈرلۈك ۋەقە ۋە شەيئىلەر ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش، نەقىل كەلتۈرۈش، ئىشارە قىلىش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ياكى غەيرىي ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق كېيىنكى ئىككى مىسراغا مەلۇم دەرىجىدە يول ئاچىدۇ، كېيىنكى ئىككى مىسرادا مەلۇم ئىش ـ ھادىسىگە ياكى مەلۇم كىشىگە مۇناسىۋەتلىك ئاساسىي مەقسەت ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى مۇھەببەت قوشاقلىرى بولۇپ، بۇ خىل قوشاقلاردا كېيىنكى ئىككى مىسرادا كۆپىنچە ھاللاردا يىگىتنىڭ ئۆز نىگارى، دىلبىرىگە بولغان سېغىنىشى، ۋەدىسى، قىيىدىشى ۋە باشقا تۈرلۈك ھېسسىياتى ناھايىتى جانلىق ھالدا ماھىرلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ھەرگىز يۇقىرىقىدەك، ئالدى ـ كەينىنى بىر قانچە قېتىم ئوقۇسىمۇ چۈشىنەلمىگۈدەك ئوتتۇرىغا قويۇلمايدۇ. بۇ قوشاقتا «ئول جۇۋانغا» كۆرسىتىدىغان «يەر» نامەلۇم. «تىرىك دوزاخنى كۆرسىتىش» بىزدە كۆپىنچە ھاللاردا سەلبىي مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. «ئوتى يامان» جۇۋانغا كۆيۈپ، «تىرىك دوزاخنى كۆرسىتىپ» يۈرگىچە، «ئوتى بوشراق» جۇۋاننى تاپسا، ئەڭ توغرىسىنى ئېيتقاندا ياخشىسى خوتۇنغا سادىق بولۇپ، تىرىكچىلىكىنى ئوبدان قىلىپ، بالىلىرىنى باقسا ياخشى ئەمەسمۇ؟

ئاتاڭ قىچقاردىمۇ كەكلىك،
ئاناڭ قىچقاردىمۇ كەكلىك.
قەپەسىنىڭ قەدرىنى بىلمەي،
ئۇچۇپ كەتكەن نادان كەكلىك.
ــ «مەكىت جۇلا مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى»[11]

بۇ قوشاقتا كەكلىكنى بىرەر نەرسىگە سىمۋول قىلىندى ياكى ئوخشىتىلدىمۇ دەيلى، كەڭ باياۋانلاردا، تەكلىماكان بويىدىكى توغراقلار بۈك ـ باراقسان ئۆسىدىغان پايانسىز دەريا ۋادىلىرىدا ياشاپ كەلگەن، ئەركىنلىك ـ هۆرلۈكنى تولىمۇ قەدىرلەيدىغان ئۇيغۇر دولانلىرى تار قەپەستىن ئاخىر قۇتۇلۇپ، بىپايان دۇنياغا، ئەركىنلىككە چىققان كەكلىكنى نېمىشقا نادان كەكلىك دېگۈدەك؟!

ئاللا يارىم خىيالىڭنى،
بىلىپ بولمايدۇ.
سەنلەر يۈرگەن كوچىلاردا،
يۈرۈپ بولمايدۇ.
ــ «مەكىت بوم باياۋان مۇقامىنىڭ چېكىتمىسى»[12]

خىيالغۇ مۈرەككەپ نەرسە، كىشىنىڭ كۆڭلىدە نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلمەكمۇ تەس، ئەمما «سەنلەر يۈرگەن كوچا» دا نېمىشقا «يۈرۈپ بولمىغۇدەك»؟ بۇ كوچا پاتقاق كوچىمۇ؟ خالتا كوچىمۇ؟ دەرد ـ ئەلەملىك هىجران كوچىسىمۇ؟ يا بولمىسا كىرگىلى بولمايدىغان نامەردلەر، ئەخلاقسىزلار كوچىسىمۇ؟

## تۇگەنچە

يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، «هەممىنى ئىقتىسادىي

قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» چاقىرىقىنىڭ تۈرتكىسىدە، «مەدەنىيەت ئارقىلىق ئىقتىسادنى ئىلگىرى سۈرۈش» تەسەۋۋۇرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇنىڭ بىلەن، ئاۋات، مارالبېشى، مەكىت قاتارلىق بىر قانچە ناھىيەدە «مەدەنىيەت ئارقىلىق ئىقتىسادنى ئىلگىرى سۈرۈش» تەسەۋۋۇرى ئارقىسىدا، دولان مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي قىسمى قىلىپ قويۇلغان دولان مۇقاملىرىنى قېزىش، رەتلەش (بۇ يەردىكى رەتلەش ئاساسلىقى مۇزىكا قىسمىنى رەتلەشكە قارىتىلغان بولۇپ، يۇقىرىقى جايلاردا تېكىست قىسمى مۇقامچىلار قانداق ئېيتسا شۇ بويىچە خاتىرىلەپلا قويۇلغان بولۇپ، ئىلمىي ھالدا رەتلەپ چىقىش خىزمىتى تېخى ھەقىقىي تۈردە قولغا ئېلىنمىدى)، ئومۇملاشتۇرۇش دولقۇنى قوزغىلىپ، بۇ ھەقتە بىر قانچە كىتابمۇ نەشر قىلىندى. ئىلمىي رەتلەشتىن ئۆتمىگەن بۇ تېكىستلەر ئۇيغۇر، خەنزۇ تەرجىمانلار تەرىپىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىندى. بەزى ناھىيەلەردە ھەتتا ئىنگلىز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىش ئىشىمۇ پىلانغا ئېلىنىۋاتىدۇ. بىز ئىلگىرى ئاسمىنى كەڭ بىپايان سەھرالىرىمىزدا قانداق تۇۋلىساق، ۋاقتى كەلسە مۇقامغا ھەممە نېمىسىنى تېگىشىۋېتىدىغان ھېسسىياتچان، ساددا خەلقىمىز چاندۇرمىغان بىلەن، يۇقىرىقىدەك ئېگىز ـ پەس مىسرالار ئۆزگە تىللارغا تەرجىمە قىلىنغاندا، كىتاب چەت ئەللىكلەر كېلىپ خالىغانچە سېتىۋالسا بولىدىغان ئۈن ـ سىن بازارلىرىغا سېلىنغىنىدا، بۇنىڭغا ئەڭ ئاۋۋال دىققەت قىلىدىغانلار ئاشۇ تەرجىمە تىلىنى ئانا تىلى قىلىدىغان تەتقىقاتچىلار بولىدۇ (ئەلۋەتتە، بىزگە قىزىقىدىغان، بىزنى چۈشىنىشكە تىرىشىدىغان ئۆزگە مىللەت زىيالىيلىرى ۋە مۇزىكا ھەۋەسكارلىرىمۇ بار.) ئۇلار ئۇششاق خاتالىقلارغىمۇ ئىلىم نۇقتىسىدىن ناھايىتى ئىنچىكە مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇ چاغدا ئۆز مۇقاملىرىغا، توغرىراقى ئۆزگىلەر ئالدىدىكى ئۆز ئوبرازىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ھەربىر ئەقىل ئىگىسى دولان مۇقام تېكىستلىرىنى ئەستايىدىل ھالدا تولۇق بىر قېتىم رەتلەپ چىقىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە تەخىرسىزلىكىنى ھېس قىلماي قالمايدۇ!

مېنىڭچە، دولان مۇقامى تېكىستلىرىنى رەتلەشتە، جايلار سىرتتىكى ياكى ئۆز جايىدىكى كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار، بەلگىلىك نوپۇزى بار شائىر ـ يازغۇچىلارنى تەشكىللەپ بۇ خىزمەتنى ئۆز ۋاقتىدا قولىغا ئېلىشى، خەلق ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىنچىكە تەكشۈرۈش، ئىلگىرى ئىشلەنگەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قوشاقلار توپلىمىدىن پايدىلىنىش، قايتا ـ قايتا دەلىللەش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، تېكىستلەرنىڭ مۇقاملارغا نىسبەتەن ئەركىن ھالەتتە بەستلىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلغان ھالدا، تېكىستلەرنى كەڭرەك دائىرىدە (قاتمال، ئۆلۈك ھالەتتە مۇقىم بېكىتىۋەتمەي، مۇقامچىلار ئۆزى بىلگىنىنى ئىختىيارىي ئىشلىتەلىگىدەك ئىمكانىيەت قويۇپ) ئومۇمىيۈزلۈك بىر قېتىم رەتلەپ چىقىشى لازىم. مۇقاملارنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدىكى نىسبەتەن مۇقىم، شۇ مۇقام بىلەن مەلۇم تارىخىي باغلىنىشى بار تېكىستلەردىن باشقىلىرى ئاساسەن مۇھەببەت قوشاقلىرى بولغاچقا، ئىنچىكە تاللاش ۋە رەتلەشتىن ئۆتكەندىن كېيىن، پەقەت يۇقىرىقىدەك ناتوغرا قوشاقلار چىقىرىۋېتىلسىلا (بىز سەھىيە ئېتىبارى بىلەن بىرمۇبىر مىسالغا ئېلىپ ئولتۇرمىدۇق، ئەلۋەتتە بۇنداق بۇزۇلغان قوشاقلاردىن يەنە باشقىلىرىمۇ بار) يېڭىدىن يېتىشىۋاتقان مۇقام ھەۋەسكارلىرى ئارقىلىق نىسبەتەن تاللانغان تېكىستلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. ئۇ قوشاقنىڭ ئورنىغا بۇ قوشاق ئالمىشىپ كەتكەن ھالەتتىمۇ، مەيلى قەيەردىلا تۇۋلانسۇن، قەدىمىي ۋە مەپتۇنكار مۇزىكا قۇرۇلمىسى، ئوبرازلىق، جانلىق ۋە تەسىرلىك خەلق قوشاقلىرى بىلەن كۆڭۈللەرگە زوق بېغىشلاۋېرىدۇ.

**ئىزاھاتلار:**

① جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» تېمىسىدىكى يۈرۈشلۈك كىتابنىڭ (1996 ـ يىلى) تومۇر داۋامەت

ئاپتورلىقىدىكى كىرىش سۆز قىسمى 2 ـ بەت.

② جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» تېمىسىدىكى يۇرۇشلۇك كىتابنىڭ (1996 ـ يىلى) تۆمۈر داۋامەت ئاپتورلىقىدىكى كىرىش سۆز قىسمى14 ـ، 15 ـ بەت.

③ ئابدۇكېرىم راھمان بۇچى: «‹ئانا مۇقام › ۋە ‹بالا مۇقام› مۇنازىرىسى ھەققىدە»، «بۇلاق »ژۇرنىلى 2004 ـ يىللىق 4 ـ سان 92 ـ بەت.

④ مەملىكەتلىك سەنئەت ئىلمى «9 ـ بەش يىللىق پىلان» تېما تەتقىقات گۇرۇپپىسى تۈزگەن «دولان مۇقامى ئۈستىدە ئېكولوگىيەلىك ۋە فورماتسىيەلىك تەتقىقات»، مەركىزىي مۇزىكا ئىنستىتۇتى نەشرىياتى 2004 ـ يىل 465 ~ 490 ـ بەتلەر.

⑤ مەملىكەتلىك سەنئەت ئىلمى «9 ـ بەش يىللىق پىلان» تېما تەتقىقات گۇرۇپپىسى تۈزگەن «دولان مۇقامى ئۈستىدە ئېكولوگىيەلىك ۋە فورماتسىيەلىك تەتقىقات»، مەركىزى مۇزىكا ئىنستىتۇتى نەشرىياتى 2004 ـ يىلى 486 ـ بەت.

⑥ دوپپىنىڭ ئالدىغا تاقىلىدىغان زەر پۆپۈك، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (قىسقارتىلمىسى) 1170 ـ بەت.

⑦ مەملىكەتلىك سەنئەت ئىلمى «9 ـ بەش يىللىق پىلان» تېما تەتقىقات گۇرۇپپىسى تۈزگەن «دولان مۇقامى ئۈستىدە ئېكولوگىيەلىك ۋە فورماتسىيەلىك تەتقىقات»، مەركىزىي مۇزىكا ئىنستىتۇتى نەشرىياتى 2004 ـ يىلى 507 ـ بەتلەر.

⑧ ئاۋات ناھىيەلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلاملىرى تەھرىر ھەيئىتى تۈزگەن «ئاۋات خەلق قوشاقلىرى» (ئىچكى ماتېرىيال) 286 ـ بەت.

⑨ ئاۋات ناھىيەلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلاملىرى تەھرىر ھەيئىتى تۈزگەن «ئاۋات خەلق قوشاقلىرى» (ئىچكى ماتېرىيال) 328 ـ بەت.

⑩ مەملىكەتلىك سەنئەت ئىلمى «9 ـ بەش يىللىق پىلان» تېما تەتقىقات گۇرۇپپىسى تۈزگەن «دولان مۇقامى ئۈستىدە ئېكولوگىيەلىك ۋە فورماتسىيەلىك تەتقىقات»، مەركىزىي مۇزىكا ئىنستىتۇتى نەشرىياتى 2004 ـ يىلى 489 ـ بەت.

⑪ مەملىكەتلىك سەنئەت ئىلمى «9 ـ بەش يىللىق پىلان» تېما

تەتقىقات گۇرۇپپىسى تۈزگەن «دولان مۇقامى ئۈستىدە ئېكولوگىيەلىك ۋە فورماتسىيەلىك تەتقىقات»،مەركىزىي مۇزىكا ئىنستىتۇتى نەشرىياتى 2004 ـ يىلى 473 ـ بەت.

⑫ مەكىت ناھىيەلىك دولان مۇقامى تەتقىقات جەمئىيىتى، مەدەنىيەت ئىدارىسى تۈزگەن «ئۇيغۇر دولان مۇقامى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى 1996 ـ يىلى 145 ـ بەت.

# ئۇيغۇر دولانلىرىدا ئۇۋچىلىق

ئۇيغۇر دولانلىرى ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادلىرىدىن باشلاپلا ئۇۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ياشاۋاتقان ئورنىنىڭ تەبىئىي ئالاھىدىلىكىدىن ياخشى پايدىلىنىش، ياشاش شارائىتىنى ياخشىلاش، ئەنئەنىۋى ئۇۋچىلىق ئادىتىگە يارىشا باتۇر ـ قەھرىمان، مەرد ـ سېخى، ئېجىل ـ ئىناق ۋە ئاق كۆڭۈل مىجەز خۇلق يېتىلدۈرۈش ئاساسىدا ياراتقان ئۆزگىچە مەدەنىيەت قاتلىمى بىلەن ئۆز تۇرمۇشىنى بېيىتىپ كەلگەن. ئالاھىدە خاسلىقتا ئىگە ئۇۋچىلىق مەدەنىيىتى دولان مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تۈرى بولۇپ، بۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە، ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل مەدەنىيىتى، چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى، يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى، كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى، قول ھۈنەر ـ سەنئىتى، ئۆرپ ـ ئادىتى قاتارلىقلارنىڭ شەكىللىنىشىگە ۋە تەرەققىياتىغا ناھايىتى مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن، شۇنداقلا قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭ «ئات ئۈستى مەدەنىيىتى» گە ۋارىسلىق قىلغان ھالدا، بۈگۈنگىچە داۋاملاشتۇرۇپ ۋە بېيىتىپ كەلگەن.

ئاساسلىق دولان يۇرتلىرى ھېسابلىنىدىغان مارالبېشى، ئاۋات، مەكىت ناھىيەلىرى جۇملىدىن يەكەن دەريا ۋادىلىرىدىن تاكى تارىم دەرياسىنىڭ قۇيۇلۇش ئېغىزىغىچە سوزۇلغان تارىم ۋادىسىدىكى تەبىئىي جاڭگاللىقلار، ئېدىرلىقلار، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي شىمال گىرۋىكىدىكى يەكەن دەرياسى بوستانلىقىدىن ئىبارەت ناھايىتى كەڭ كەتكەن بۇ يېشىل كارىدوردا يىل بويى ئۈزۈلمەي ئېقىپ تۇرىدىغان ئەلۋەك دەريا سۈيى ۋە قەدىمىي غول توغراقلار تۇرلۇك ياۋايى ھايۋاناتلارنىڭ كۆپىيىشىگە ناھايىتى

ياخشى شەرت ـ شارائىت هازىرلاپ بەرگەن.

دولان خەلقى قوم كۆچۈش تەھدىتى، يەر تەۋرەش ھايۋانلار تەھدىتى، قۇرغاقچىلىق تەھدىتى قاتارلىقلار بىلەن باتۇرانە ئېلىشىپ، ئەڭ دەسلەپتە ئوۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق، كېيىن تېرىقچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن؛ يەكەن دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلىدىغان مۇنبەت يەرلەردە بوز يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق بىلەن، قوم ئاپىتىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش (مېۋىلىك دەرەخ تىكىش،گۈل ـ گىياھ ئۆستۈرۈش) بىلەن، يەنە بېلىقچىلىق، باقمىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەنمۇ شۇغۇللانغان بولۇپ، تايغان بىلەن ئوۋ ئوۋلاش، ئات ئۈستىدە قارچىغا قوشلاش، ئوقيا ئېتىشتەك ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

ئوۋچىلىق ئورمان ـ جاڭگال ھايۋانلىرى ۋە سۇ جانلىقلىرىنى ئوۋلاشتىن ئىبارەت ئىككىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئوۋ دېگەن سۆز «تور، توزاق» مەنىسىدىكى «ئاۋ» دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن.[1] قەدىمكى ئاھالىلەر دەسلەپتە ئىپتىدائىي تاش ـ ياغاچ قوراللارنى ئوۋچىلىققا ئىشلەتكەن بولسا، كېيىن تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئوقيا، پالتا، چاڭغاق، پىچاق، بىگىز ـ تۆمۈنە قاتارلىقلارنى ياساپ ئىشلەتكەن. ئۇلار ئوتخور ھايۋانلاردىن بۇغا ـ مارال، غۇلجا ـ ئارقار، جەرەن، كېيىك، تاغ تېكىسى، بۆكەن، كۆكمەت (تورۇق تېكە)، تاغ ئۆچكىسى، ياۋا قوتاز، ياۋا كالا، ياۋا ئات، ياۋا تۆگە، ياۋا ئېشەك، ياۋا توشقان، ياۋا توڭگۇز، ئىپار كېيىك، يورغا قاتارلىقلارنىڭ جىسمانىي خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ياشاش ئادەتلىرىنى ئىنچىكە كۆزىتىش ئارقىلىق، ئۇلارنى ھەر خىل ئامال ـ چارىلەر ئارقىلىق ئوۋلاپ، ھالال ئوۋ غەنىيمەتلىرىنىڭ گۆش ـ ياغلىرىنى يېمەكلىك قىلسا، تېرە يۇڭلىرىنى يېپىنچا ۋە سېلىنچا قىلغان، ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تېرە ۋە يۇڭلىرىنى كىيىم ـ كېچەككە، كىگىز ـ گىلەم توقۇشقا ئىشلەتكەن. «ئۇزاق

يىللاردىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللار ۋە ئارخېئولوگلار،ئاگرونوملارنىڭ بۇ مۇھىم تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرىدىن قارىغاندا، بېلىقچىلىق ۋە ئوۋچىلىقتىن چارۋىچىلىققا، تەبىئەتتىن ئوزۇقلۇق توپلاشتىن دېھقانچىلىققا ئۆتۈش تەخمىنەن مىلادىيەدىن 5000 يىل ئىلگىرى بارلىققا كەلگەنىكەن.»[2] جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ باشقا ساھەلىرى بۆلۈنۈپ چىققاندىن كېيىن، ئوۋچىلىقنىڭ تۇرمۇش ۋاستىسى ۋە ئاساسىي ئىگىلىك شەكلى بولۇش ئورنى تەدرىجىي تۆۋەنلىگەن. ئەمما ناھايىتى قويۇق ئۆسكەن توغراق، يۇلغۇن، كۆۋرۈك، جىغان، سېرىقبۇيا، قومۇش، ئاقتېكەن، قامغاق، شىرقى... قاتارلىق يېپيېنچا ئۆسۈملۈكلەر ئارىسىدىكى يول ئېچىپ مېڭىشمۇ قىيىن بولغان (كەڭرى دولان ۋادىسىدا يىرتقۇچ ھايۋانلار زىيادە كۆپ بولۇپ، ئاھالىلەر ھەر قاچان ئۇلارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ تۇرغان)، ئاۋات ناھىيەسىنىڭ جەنۇبىدىكى ياسۇق، ئەختەم بۇزۇرگاھ ئەتراپلىرىدىكى توغراقلىقلاردا 1950 ـ يىللارغىچە كېيىك، جەرەن، بۇغا (بۇ ھايۋانلار جاڭگالنىڭ ئىچكىرىسىدە ھازىرمۇ بار، ئەمما سانى ناھايىتى ئازلاپ كەتتى) قاتارلىق ئوتخور ھايۋانلاردىن باشقا ياۋا توڭگۇز، يولۋاس، بۆرە قاتارلىق يىرتقۇچ ياۋايى ھايۋانلار ئۆكسىمىگەن بولۇپ، دائىم كىشىلەرگە خەۋپ يەتكۈزۈپ تۇرغان، ئۇنىڭدىن باشقا دەريا ساھىلىغا سۇ كۆپ كەلگەندە ئۆزلۈكىدىن قېنىپ قالىدىغان مۇنبەت تۇپراققا ئۇرۇق چېچىپ قويۇپلا پىشقاندا يىغىۋالىدىغان زىرائەتلەرنى قاۋان، ياۋا ئات، ياۋا ئېشەك، تولكە، توشقان... قاتارلىقلاردىن قوغداش ئۇچۇنمۇ، ئۇيغۇر دولانلىرى ئوۋچىلىقنى يەنىلا ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

ئادەتتە كۆزدىن باش ئەتىيازغىچە، يەنى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئەتىيازدا تۇغۇلغانلىرى قاتارغا قوشۇلۇپ سەمرىگەن ۋاقتىدىن باشلاپ، يېڭى كۆپىيىش مەزگىلى (باش ئەتىياز) باشلانغۇچە بولغان مەزگىل ئوۋچىلىقنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقتى ھېسابلىنىدۇ (باش

ئەتىيازدىن باش كۈزگىچە ئوۋچىلىق قىلىنمايدۇ، چۈنكى بۇ مەزگىل ياۋايى ھايۋانلارنىڭ كۆپىيىش مەزگىلى بولۇپ، بىرى، قورسىقىدا ياكى يېنىدا كىچىك بالىسى بار ھايۋاننى ئوۋلاپ ئۇنىڭ قىساسىغا قېلىشتىن ساقلىنىش، يەنە بىرى، ھايۋانلارنى ئەلۋەك يازدا خاتىرجەم كۆپەيگىلى قويۇش ئۈچۈن، ئوۋچىلار بۇ ۋاقىتتا ئوۋغا چىقمايدۇ). ئەگەر بىرەرسىنىڭ ئوۋ قىلغۇسى كەلسە، تاڭ سەھەردىلا بۆرغا چىقىش ياكى ئۆگزە، دۆڭ قاتارلىق ئېگىزرەك جايلارغا چىقىپ تۇۋلاش ئارقىلىق كىشىلەرگە ئوۋ چاقىرىقى قىلىدۇ. كىشىلەر ئەتىگەنلىك تاماقنى (ياكى ناشتىلىقنى) دەرھال يەپ، كالتەك - چوماقلىرى (كالتەك - چوماق ئەڭ بۇرۇنقى ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق قورالى بولۇپ، ئىنسانلار مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويۇشى بىلەنلا نەيزە، ئوقيا، مىلتىقلارمۇ ئوۋچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان بولغان. ئەمما دولانلىقلار ئوۋچىلىقنى قويۇق توغراق، چاتقاللىقلاردا قىلىدىغان بولۇپ، بىخەتەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ، مىلتىقنى ئوۋچىلىقتا كۆپ ئىشلەتمىگەن)، قارچىغا، لاچىنلىرىنى ئېلىپ، ئېتى بارلار ئاتلىق، بولمىسا پىيادە كېلىپ ئوۋغا چاقىرغۇچىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ، ئوۋ مەيدانىغا دولان ئۇسسۇلىنىڭ سەلىقە باسقۇچىدەك دائىرە ھاسىل قىلىپ ماڭىدۇ. ئوۋنى كالتەك - چوماقلىرى بىلەن سوقۇپ، قارچۇغا، لاچىنلىرىغا ئالدۇرۇپ ئوۋلايدۇ. كەچ كىرگەندە ئوۋ غەنىيمەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ، تەڭ تەقسىم قىلىپ بۆلۈشىدۇ ياكى بىرلىكتە پىشۇرۇپ يېيىشىدۇ. بۇ يەردە كىمنىڭ ئوۋنى كۆپ تۇتقانلىقى، كىمنىڭ تۇتالمىغانلىقى سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ. ئوۋغا قاتناشقانلىكى ئادەم (مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ياشانغان كىشى ياكى باللار بولسۇن) نىڭ ھەممىسى بىر كىشىلىك ئۈلۈشكە ئېرىشىدۇ. قۇش ئارقىلىق كېيىك، جەرەن، ياۋا ئات، تۈلكە قاتارلىقلارنى تۇتىدۇ. قارچىغا قۇشلاش بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، ھەر بىر كەنتتە بىر قانچە ياكى بىر قانچە ئون كىشى قارچىغا قۇشلايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن قىرغاۋۇل،

توشقان، چىل، ئۆردەك قاتارلىقلارنى ئوۋلايدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، لاچىن، قۇرغۇي، سەندەل، تۇرۇمتاي قاتارلىقلارنىمۇ ئۆگىتىپ قۇشلايدۇ. قىش كۈنلىرى بولۇپمۇ قار ياغقان كۈنلىرى قارچىغا، چوماق، تاياق قاتارلىقلار بىلەن قىرغاۋۇل، توشقان قاتارلىقلارنى ئوۋلايدۇ. «ئۆشە» (50 ~ 60 مېتىر ياكى بىر ـ ئىككى يۈز مېتىر ئۇزۇنلۇقتا توقۇلغان تور) تارتىپ توشقان تۇتىدۇ.

قىرغاۋۇل، توشقان، كېيىك، جەرەن، تۈلكە، توڭگۇز ۋە باشقا هايۋانلارنىڭ ماڭىدىغان يوللىرىغا قاپقان، يۇلغۇندىن ياسالغان تۇزاق، قىل، قىسماق قويۇپ ئۇلارنى ئاسانلا تۇتۇۋالىدۇ. بۇنى بەزى ئايماللارمۇ قىلالايدۇ. هەر يىلى 8 ـ ئايدىن باشلاپ تور قويۇپ قارچىغا تۇتۇشقا باشلايدۇ. ئەگەر بىرەر قارچىغىنى كۆرسە بىر ئامالىلار بىلەن تۇتۇپ كۆندۈرۈپ ئوۋچىلىققا سالىدۇ.

## جاڭگال ئوۋچىلىقى

ئوۋنىڭ ئاساسىي شەكلى: ئادەتتە جاڭگال ئوۋچىلىقى ئوۋلاش ئوبيېكتىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن ئىلگىرى ـ كېيىن باشلىنىدۇ. جەرەن كېيىك قاتارلىق هايۋانلارنى تۇزاق، قاپقان بىلەن ئوۋلايدىغانلار ئوۋنى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ، 20 ـ كۈنلىرى باشلايدۇ. مىلتىق بىلەن ئېتىپ تۇتىدىغانلار 11 ـ ئايلاردا ئېتىز ـ ئېرىقلار مۇز تۇتقاندىن كېيىن، كۆل بويلىرىغا ياكى ئوۋ كۆپرەك ئۆتىدىغان يەرگە كېلىپ ئادەتتە 3 ـ ئايغىچە ئوۋلايدۇ (هازىر مىلتىق بىلەن ئوۋچىلىق قىلىدىغانلار تولۇق تۈگىدى)، ئوۋنى قارىغا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، «ماڭا پەرمان، ساڭا ئەجەل» دەپلا گوم قىلىپ ئاتىدۇ. بۇ سۆزنى دېمەي ئېتىپ ئوۋ ئۆلۈپ قالسا هارام دەپ قارىلىدۇ. قاپقاننى 8 ـ ئايدىن 1 ـ ئايغىچە قويىدۇ، قالغان ۋاقىتلاردا كېيىك، جەرەنلەر بوغاز بولۇپ قالىدىغان بولغاچقا، بۇ چاغدا ئوۋلىمايدۇ. 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنلىرىدىن

كېيىن جەرەن بۇرغىسىغا (جۇپلىشىش دەۋرى) كىرگەندە ئەركىكى بىر يولدا، چىشىسى يەنە بىر يولدا (پاراللېل ھالەتتە ئالتە ئايغىچە) ماڭىدۇ. ھەرگىز بىر ـ بىرىنىڭ يولىغا كىرىۋالمايدۇ. چىشى جەرەن خالىغانچە سىمەي، بىر سىگەن يېرىگە سىيىدۇ ۋە سىيىپ بولۇپ كۆمۈپ قويىدۇ. ئۇنىڭ سۈيدۈكىنى قولغا تەگكۈزۈپ پۇرىسا تاتلىق پۇرايدۇ. يەنە بىرى دائىم ئوت ـ چۆپ يېگەن يەرگە (مەسىلەن يانتاق... قاتارلىق) بېرىپ ئوت ـ چۆپ يەيدۇ. شۇڭا ئوۋچىلار ئادەتتە مۇشۇ ئىككى خىل روشەن بەلگىگە ئاساسەن قاپقان قويىدىغان يەرنى ئانچە قىينالمايلا بېكىتەلەيدۇ. جەرەننىڭ شاقشىقىنىڭ ئالدى يېقىن،كەينى سەل كەڭرى بولۇپ، قوينىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، كېيىكنىڭ ئىزى كىچىكرەك بولۇپ كالىنىڭ ياكى موزاينىڭ ئىزىغا بەك ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇلار قاپقاننى قويغاندا جەرەن، كېيىكنىڭ ئۆتەر يولىغا ئەمەس، بەلكى دائىم يەيدىغان يانتاق قاتارلىق ئوت ـ چۆپنىڭ ياكى سىيىدىغان يېرىنىڭ ئەتراپىدىكى دەسسىگەن ئىزنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا بىر ياكى ئىككى قاپقان قۇرۇپ قويىدۇ (ماڭغان يولىغا قويۇپ قويسا ئۇلار بەك سەزگۈر بولغاچقا، ئادەتتە تۇتقىلى بولمايدۇ.) قاپقانغا ئادەتتە يوغانراق توقماق، مۈڭگۈز قاتارلىق نەرسىلەر زەنجىر بىلەن ئېسىپ قويۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار قاپقانغا چۈشۈپ قالسا، بۇ نەرسىلەرنى سۆرەپ ئانچە يىراققا كېتەلمەيدۇ. كېيىك قاپقانغا چۈشسە ئۈچ ـ تۆت كۈنلۈك يىراقلىققا قېچىپ كېتەلەيدۇ. جەرەن ئادەتتە ئىككى ـ ئۈچ كىلومېتىر دائىرىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. ئاندىن مەخسۇس جەرەن، كېيىك ئوۋلاشقا ئۆگەتكەن ئىتتىن بەش ـ ئالتە (ياكى ئۈچ ـ تۆت)نى ئەگەشتۈرۈپ ياكى قۇش ئارقىلىق تۇتىدۇ. ئوۋچىلار جەرەن، كېيىكنى مىلتىق بىلەن چالىراق سوقۇپ قىلىپ، ياكى قاپقاندىن قېچىپ چىقىپ كېتىپ ئات بىلەن ئوۋ ئىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ قوغلاشقا توغرا كەلگەندە، ئاتلىق بىر ـ ئىككى سائەت قوغلىغاندىن كېيىن بۇلارنى تۇتالمىغان تەقدىردىمۇ قاتتىق يۈگۈرۈشتە بەدىنى زىيادە قىزىشتىن ئۇلارنىڭ جىگىرى

پىشىپ قالىدىغان بولغاچقا، بەربىر ئۆلۈپ قالىدۇ. شۇڭا، ئۈۋچى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال بوغۇزلاپ يۇركى، جىگىرىنى ئېلىپ خام يەۋېتىدۇ.

كېيىك، جەرەنلەر ئالاھىدە سەزگۈر بولغاچقا، ئۈۋچىلار ئۈۋغا چىقىشتىن ئىلگىرى شامالنىڭ يۆنىلىشىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. ئۈۋ بار تەرەپتىن ئۈۋچىلار تەرەپكە قارىتا چىققان شامال ئوڭ شامال دېيىلىدۇ. ئوڭ شامالدا ئۈۋچىلار بەھۇزۇر ئۈۋغا چىقىۋېرىدۇ. ئۈۋچىلار بار تەرەپتىن جەرەن، كېيىك بار تەرەپكە قارىتا چىققان شامال تەتۈر شامال دېيىلىدۇ. تەتۈر شامالدا جەرەن، كېيىكلەر ئىككى ـ ئۈچ كىلومېتىر نېرىدىنمۇ ئادەمنىڭ ھىدىنى پۇراپ قالىدىغان بولغاچقا، بۇ ئەھۋالدا ئۈۋچىلارنىڭ خېلى يىراق دائىرىدىن ئايلىنىپ مېڭىشىغا توغرا كېلىدۇ. شامال بىلىنەر ـ بىلىنمەس چىقىۋاتقان بولسا، ئۈۋچىلار شامالنىڭ ئوڭ ياكى تەتۈرلۈكىنى بىلىش ئۈچۈن قومۇش پۆپۈكى، قۇرۇق توپا ئېلىپ سورۇپ ماڭىدۇ ۋە ياكى كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ئېغىزىغا سېلىپ ئىسسىتقاندىن كېيىن، باشتىن ئېگىز كۆتۈرۈپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، بارمىقىنىڭ قايسى تەرىپىنىڭ مۇزلىغىنىغا ئاساسەن شامالنىڭ يۆنىلىشىگە ھۆكۈم قىلالايدۇ.

ئۈۋچىلار قىرغاۋۇل، توشقان قاتارلىق كىچىكرەك ھايۋانلارنى تۇتۇشقا قارچىغا، ئىتلىرىنى ئېلىپ چىقىدۇ. لېكىن قارچىغا بىلەن قۇشنى ھەرگىز بىللە ئېلىپ چىقمايدۇ، ئۇنداق قىلمىغاندا بەزى چاغلاردا قۇش قارچىغىنى يەپ كېتىدۇ.

توشقان ياكى قىرغاۋۇل ئۈۋچىلىقىدا ئۈۋچىلار ئىز ئىزدەشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. ئەركەك توشقان تۆت ـ بەش قەدەمدە بىر يەرنى تاتىلاپ قويۇپ ماڭىدۇ. ئىزى مۇشۇكنىڭكىگە ئوخشاپ قالىدۇ، تىرناقلىرى ئۇچلۇقراق بولىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا كۈنگەي تەرەپكە قاراپ ياتىدىغان بولغاچقا، ماھىر ئۈۋچى يۇتۇق (توشقان قاتارلىقلارنىڭ يوشۇرۇنغان جايى) نى توشقاننىڭ پارقىراپ تۇرىدىغان كۆزىدىن ئاسانلا بايقىۋالالايدۇ. توشقان كۆپىنچە كېچىسى

ئۇزۇق يەپ، كۈندۈزى ئارام ئالىدۇ.
قىرغاۋۇلنىڭ ئىزى توخۇنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ. توشقان، قىرغاۋۇلنىڭ دائىم ماڭىدىغان يولى بولىدۇ. ئوۋچىلار ئىزنى ئاسانلا بىلىۋېلىپ، ئۆتەر يولنىڭ كېسىشىدىغان يېرىگە، توشقاننىڭ ئىزنىڭ دەل ئوتتۇرىسىنى كولاپ قاپقان قۇرىدۇ ياكى چىت تۇۋلىرىدىن ماڭىدىغان يېرىگە تور قويۇپ تۇتىدۇ. قىرغاۋۇلنىڭ چىشىسى بەكرەك جاھىل بولغاچقا، قاپقان ياكى قىلغا چۈشۈپ قالسا، تارتىپ سۆرەپ پالاقشىپ كۆپىنچىسى ھارام بولۇپ قالىدۇ. ئەركىكى ياۋاشراق كېلىدۇ.
ئوبدان كۆندۈرۈلگەن قارچىغا، توشقان، قىرغاۋۇلنى خېلى يىراقتىن بايقىۋالالايدۇ. چۈنكى قارچىغىنىڭ كۆزى ناھايىتى ئۆتكۈر كېلىدۇ. بەزى تادان قارچىغىلار يەر بېغىرلاپ ئۇچۇپ، توشقان، قىرغاۋۇلنى ئېگىزرەك ئۇچۇشقا ياكى سەكرەپ قېچىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. سەل ئېگىز ئۇچقان ياكى ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن ھامان پاتاڭ ياكى پوكاندىنلا قامالاپ تۇتىدۇ.
ئوۋچىلار ئادەتتە چوڭراق ھايۋانلارنى ئوۋلاشقا قۇش، ئىت ۋە تايغانلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىدۇ. ئۇلار سەككىز ـ ئوندىن بولۇپ، ئاتقا مىنىپ بىرگە ماڭىدۇ. دۆڭگە كەلگەندە ئەڭ ئېگىزگە چىقىپ، قۇشنىڭ بېشىدىكى تۇمىقىنى ئېلىپ ئۇنى ئەتراپقا نەزەر سالغۇزىدۇ. قۇش تۆت تەرەپكە قاراپ ئوۋ بولسا بويىنىنى سوزۇپ، زىيادە سەزگۈرلۈك بىلەن ئەتراپقا بىرەر نەرسىنى بايقىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بايقىيالمىسا، ئوۋچىلار بۇ ئەتراپتا ئوۋنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ داۋاملىق ئىلگىرىلەپ ماڭىدۇ. ئەگەر قۇش ئوۋنى بايقاپ قالسا، قۇشنىڭ بېشىدىكى كىچىك تۇمىقى ۋە پۇتىدىكى چېتىقنى ئېلىۋېتىپ (چېتىقنىڭ ئاساسلىقى قۇشنىڭ بېشىدىكى تۇمىقنى پۇتى بىلەن ئېلىۋېتىشىدىن ساقلىنىش رولى بار) ئوۋغا قارىتىپ قويۇۋېتىدۇ. ئەگەر ئوۋ چاتقال ئارىلىرىغا مۆكۈنۈۋالسا، قۇش ئېگىز دەرەخكە قونۇپ ئوۋنىڭ چىقىشىنى ساقلايدۇ ياكى ئاسمانغا ئۆرلەپ ئۇچۇپ ئوۋنىڭ ئوچۇقچىلىققا چىققىنىنى كۆرگەن ھامان

شىددەت بىلەن شۇڭغۇپ ئوۋنى (تۈلكە، جەرەن، كېيىك) پاتاڭدىنلا باسىدۇ. بۇ چاغدا ئىت تايغانلارمۇ سۈر ـ ھەيۋە بىلەن ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى تەڭ بويسۇندۇرىدۇ.

## جاڭگال ئوۋچىلىقىدا ئىشلىتىلىدىغان قورال ـ سايمانلار

**ئات:** ئات مەركىزىي ئاسىيالىقلار ئەڭ بۇرۇن كۆندۈرگەن ياۋايى ھايۋانلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئات ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرگەندىن كېيىن، تۇرمۇشىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن. ئۇلار ئاتنى قاتناش قورالى سۈپىتىدىلا ئىشلىتىپ قالماستىن، بارا ـ بارا ئۇرۇش ۋە ئوۋچىلىققا ئىشلەتكەن. ئوۋچى ئادەتتە قولىدىكى قۇش ياكى قارچىغىنى پىيادە قولىدا تۇتۇپ تۇرغانغا قارىغاندا ئات ئۈستىدە تۇتۇپ تۇرسا، ئوۋنى خېلى يىراقتىنلا كۆرەلەيدۇ. قوغلاپ تۇتۇشتىمۇ ئاتنىڭ رولى ناھايىتى زور بولىدۇ.

**ئىت:** ئوۋلايدىغان ھايۋاننىڭ تۇرىگە قارىتا ئىتقا ئايرىم يېمەكلىك بېرىپ كۆندۈرىدۇ. مەسىلەن، جەرەننىڭ قېنىنى ئىچىپ، ئۇچەي ـ قېرىنىنى يەپ چوڭ بولغان ئىت جەرەننىلا قوغلايدۇ. توڭگۇزنىڭ گۆشىنى بېرىپ باققان كۇچۇك چوڭايغاندا مەخسۇس توڭگۇزنىلا قوغلايدىغان بولىدۇ. ئوۋچىلار ئادەتتە بىرىگە سالغان ئىتنى يەنە بىر ھايۋاننى ئوۋلاشقا سالمايدۇ. ئاتالغان ئوۋچىنىڭ بەش ـ ئالتە ياكى سەككىز ـ ئون ئىتى بولىدۇ. بۇ ئىتلار ئادەتتىكى ئىت كۇچۇكلىرىنى كىچىكىدىن باشلاپ يۇقىرىقىدەك كۆندۈرۈش ئارقىلىق مەخسۇس ئۆگىتىلىدۇ. بەزىلەر بۆرە كۇچۇكلىرىنى تېپىپ كېلىپ كۆندۈرۈش ئارقىلىقمۇ ئۇنى ئوۋغا سالىدۇ.

**قۇش:** (بۇركۇتنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىكى قۇش، ئىككىنچى دەرىجىلىكى قارچىغا دېيىلىدۇ). ئۇستا ئوۋچى بولسا ئالتە ئايدا، بولمىسا بىر يىلدا ئاران كۆندۈرىدۇ. ئادەتتە ئۇنى تۇتۇشتا جەرەن، ئىت قاتارلىقلارنىڭ گۆشىنى تورغا سېلىپ، تورنىڭ ئۇستى ئوچۇق قالدۇرۇلىدۇ. ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇش گۆشنى كۆرگەن

ھامان ئۇنى يەيمەن دەپ ئۇچۇپ كېلىپ ئاقىۋەت تورغا كىيىلىپ قالىدۇ. ئۇنى تۇتۇپ، بىر مەزگىل كۆندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئوۋغا ئېلىپ چىققاندا بېشىغا مەخسۇس كىچىك تۇماق كىيدۈرۈلىدۇ. قۇشنى تۈلكە، جەرەن، كېيىكلەرنى ئوۋلاشقا سالىدۇ.

**قارچىغا:** كەپتەر ياكى توخۇنى باغلاپ ئۇنى ئىچىگە سېلىپ، ئۈستى ئوچۇق قالدۇرۇلىدۇ. قارچىغا كەپتەر ياكى توخۇنى يەيمەن دەپ تورنىڭ ئۈستى ئوچۇق يېرىدىن ئۇچۇپ كىرىپ تورغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئون بەش كۈنگىچە گۆشنى ياق دىگۈچە بېرىپ قورسىقى تازا تويدۇرۇپ بېقىلىدۇ ھەم مەيلى كېچىسى ياكى كۈندۈزى بولسۇن قەتئىي ئۇخلاتمايدۇ. ئۇيقۇنىڭ دەردىدە بارا ـ بارا ئىلگىرىكى ياشىغان يەرلىرىنى ئۇنتۇيدۇ. قارچىغا تېز بولسا، 50 ~ 60 كۈندە، بولمىسا ئۈچ ـ تۆت ئايدا كۆنىدۇ. ئۇ بوز قارچىغا، جۇرە قارچىغا، تۈلەك قارچىغا دەپ تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

**تور (ئۆشە):** ئاساسلىقى توقا چىگىدىن توقۇلىدۇ. توقا چىگە دىگىنىمىز ئېگىزلىكى 15 ~ 20 مېتىر، غولىنىڭ توملۇقى باش بارماقتەك ياكى ئۇنىڭدىن سەل چوڭراق ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇنىڭ پوستىنى سويۇۋېتىپ چاقتا ئالدى ـ ئارقىغا ئېگىرىپ، كۆزىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى ئوخشاش بولمىغان ئۆلچەمدە توقۇش ئارقىلىق بىلىق، قارچىغا تۇتىدىغان تور توقۇلىدۇ.

**ئوپۇر:** ھەرخىل ھايۋانلار تېنىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە ئاساسەن (مەسىلەن، كەڭلىكى قىرغاۋۇل، توشقانغا 20 ~ 30 سانتىمېتىر، توڭگۇزغا 70 ~ 80 سانتىمېتىر قىلىپ كولىنىدۇ) بىر مېتىر ياكى بىر يېرىم مېتىر چوڭقۇرلۇقتا يەر كولىنىپ ئۈستى قۇمۇشنىڭ پۆپۈكى ياكى ئوت ـ چۆپ بىلەن بىلىنەر ـ بىلىنمەس يېپىپ قويىلىدۇ. قىرغاۋۇل چۈشۈپ كەتسە بەكرەك يامانلىرى ئۇچۇپ كېتىدۇ. توشقان ئۈستىگە ئازراق پاخال چۈشسىلا جىم ياتىدۇ. ياۋا توڭگۇزغا قارىتا چوت دەستىسىدەك

چوڭلۇقتىكى يۇلغۇننىڭ ئۈچ ـ تۆت تال ياغىچى كاۋاپنىڭ زىقىدەك قىلىپ ئۈچلىنىپ، ئوتتۇرىغىراق قىلىپ قېقىپ قويۇلىدۇ. بۇ «موندا» دەپ ئاتىلىدۇ. توڭگۇز چۇشۇپ كەتسە ئۈچ ـ تۆت تال موندا ئىككى غېرىچ ئەتراپىدا تېنىگە كىرگەندىن كېيىن ھەرقانچە تولغانسىمۇ ئۈپۈردىن چىقالمايدۇ. موندا بولمىسا، بىر ـ ئىككى سائەتنىڭ ئىچىدە ئۈپۈرنى تىندۇرۇۋېتىپ چىقىپ كېتىدۇ.

**تورزاق:** يۇلغۇن ياكى توغراقنىڭ ئاچىماق ياغىچىدىن ياسىلىدۇ.

**سوغان:** يۇلغۇن ياغىچىنىڭ ئۈچىغا ئاتنىڭ قىلىنى چىگىپ، بىر ئۈچى يەرگە كۆمۈپ قويۇلىدۇ.

**چوماق:** ئۇ ئادەتتە يۇلغۇننىڭ ھۇررەك، بېشى چوكراق كەلگەن 70 ~ 80 سانتىمېتىر ياكى بىرەر مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. يېقىن ئەتراپتىن قېچىپ چىققان توشقان، قىرغاۋۇلنى سوقۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**قاپقان:** قاپقاننىڭ تارىخى خېلى ئۇزۇن بولۇپ، ئۇنى تۆمۈرچىلەر ياسايدۇ. ئۇ توشقان قاپقىنى، جەرەن قاپقىنى دەپ بىر قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ. شەكلى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، پەقەت چوڭ ـ كىچىكلىكىلا ئوخشاشمايدۇ. ھەر قاندىقىنىڭ ھارامزادىسى ۋە ئىلمىكى بولىدۇ.

**مىلتىق:** دەسلەپتە قارا مىلتىق بارلىققا كەلگەن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىچى كوڭتەي تۆمۈردىن مىلتىق قوغۇشۇن قاتارلىقلاردىن يەرلىك ئۇسۇلدا ئوق، مىشەك ياساپ ئوۋچىلىققا ئىشلەتكەن. يېقىنقى مەزگىللەرگە كەلگەندە قوش ئاتار، بەش ئاتار مىلتىقلار بارلىققا كەلگەن.

## سۇ ئۈستى ئوۋچىلىقى (بېلىقچىلىق)

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى بىلەن يىلتىزداش دەپ قارىلىۋاتقان ئۇيغۇر دولانلىرى سۇ ئۈستى ئوۋچىلىقى جەھەتتە ئۇلار بىلەن خېلى ئورتاقلىققا ئىگە بولۇپ، تارىخى خېلى ئۇزۇن.

ئاۋات دىيارىدا ئىلگىرى سۇ خىلى كەڭرى بولغاچقا، بىلىقمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى، ھەتتا بىنالارغا سۇ قويغاندا ئىچىنزلارغا بىلىقلار سۇزۇلۇپ چىقىپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ خىلى كۆرۈلۈپ تۇراتتى. 30 نەچچە يىللار ئىلگىرى باللار ئىرىق، ئۆستەڭگە سۆگەت تىلىدىن توقىغان چويلىنى سىلىپمۇ بىلىق تۇتاتتى. بىلىق ئادەتتە كۈز ۋاقتى سەمرىيدۇ. بىلىقچىلار كۆلدە بىلىقنىڭ ئاز - كۆپلۈكىنى بىلىشتە شۇ كۆلنىڭ بويىدا بىرەر ئاخشام يېتىپ باقىدۇ، بىلىق كۆپ بولسا كىچىلىرى شالاق - شۇلۇق قىلغان ئاۋاز چىقىدۇ، ئارىلاپ چاك - چاك قىلىپ ئاغزىنى چاكىلدىتىپ ئوت يېگەن ئاۋازلىرىمۇ ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. قىش كۈنلىرى كاچكۇل كولاپ قويۇپلا بىلگىلى بولىدۇ. ئىرىق، ئۆستەڭدە بىلىقنىڭ ئاز - كۆپلۈكىنى بىلىشتە ئۆستەڭدە سۇ ئازلىغان ۋاقىتىدا بىلىق يۇقىرىسىغا قاراپ ئۈزىدۇ. سۇنىڭ تېگىدە بىر نەرسە يېرىپ ماڭغاندەك كۆرۈنىدۇ. بىلىق كۆپ بولسا سۇمۇ كۆك ھالەتتە كۆرۈنىدۇ.

ئۇستا بىلىقچىلار قېيىق بىلەن كۆلنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، سۇزۇكرەك كۆل بولسا، سۇنىڭ ئاستىدا ئۈزۈپ يۈرگەن بىلىق كۆزىگە چېلىقىپ قالغاندا كۆلگە سەكرەپ چۈشۈپ، خىلى يوغان بولسىمۇ (يوتىدىن يوغانراق) تۇتۇپ جاۋغىيىغا قولىنى كىرگۈزۈۋېلىپ قىرغاققا ئۈزۈپ بېرىپ، قىرغاققا ئىرغىتىپ تاشلاپمۇ تۇتىدۇ. ئەگەر بىلىق سۇنىڭ تېيىز يېرىدە ئۈزۈپ يۈرگەن بولسا سانجىغاق بىلەن سانجىپ تۇتىدۇ. تور سېلىپ تۇتۇش بىلىقچىلىقتىكى دائىملىق ئۇسۇل بولۇپ، 50 ~ 60 مېتىر، ھەتتا بىرەر يۈز مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تورنى بىلىقنىڭ ئۈزۈش يۆنىلىشىگە توغرا ھالەتتە يېيىپ قويۇپ، ئاياغ تەرەپتىن قېيىق بىلەن سۇنى شالاقشىتىپ، بىلىقنى تور تەرەپكە قارىتىپ ئۈركۈتۈش ئۇسۇلى بىلەن تۇتۇۋالىدۇ. تەلىيى كەلسە بىر - ئىككى ھەتتا ئۈچ - تۆت ھارۋا بىلىق تۇتۇۋالىدۇ (ھازىر بۇنداق كۆپ تۇتۇلىدىغان بىلىقلار ئاساسەن قالمىدى).

قىشتا كۆل ياكى ئېرىقنىڭ چېتى ۋە ياكى ئوتتۇرىسىغا كاچكۇل كولاپ قويۇپ، سولاقما دەپ تۆت ـ بەش يەرگە تۆشۈك كولاپ تورنى شۇ يەردىن كىرگۈزۈپ تورغا جاۋغىيى كىيىلىپ قالغان بېلىقنى تورنى ئاستا چىقىرىپمۇ تۇتىدۇ.

سۇ ئۈستى ئوۋچىلىقى (بېلىقچىلىق) دا ئىشلىتىلىدىغان قورال سايمانلار

**قېيىق**: كۆپىنچە يوغان، ئىچى كوڭتەي توغراقتىن ياسىلىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت تېرەك، توغراقتىن شال تىلىنىپ، ھەر بىر تال شال يېلىم بىلەن ھەم قىلىپ جىپسىلاشتۇرۇلۇپمۇ ياسىلىدۇ. ھەيدەشتە شالدىن ياسالغان ئەپچىل پالاق ياكى سۆگەت بادىرىسىدىن تەييارلانغان تېيىگۈچ ئىشلىتىلىدۇ.

**سانجىغاق**: تۆمۈردىن ياسىلىدۇ، ئۇچ پۇتلۇق داڭقاننىڭكىدەك ئۈچ تال تېلى بولىدۇ، ھەر بىر تېلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، قىرلىق ئۇچىنىڭ يېنىدا قارماقنىڭكىدەك ئىلمىكى بولىدۇ. بۇ ئاساسلىقى بېلىققا سانجىغاندىن كېيىن، بېلىقنىڭ سىيرىلىپ چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىلىپ تۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. ئۈچ تال تېلى 90 گىرادۇسلۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ بىر ـ بىرى بىلەن بەشلىك ئارىدەك ئۆز ئارا بىرلەشكەندىن كېيىن، تومىراق بىر تال تۆمۈرگە ئايلىنىپ خۇددى ماخاڭدەك ياغاچ ساپىنىڭ ئىچىگە ئۇچلۇق ئۇچى ئۇرۇپ كىرگۈزۈلۈپ مىدىرماس قىلىۋېتىلىدۇ، ياغاچ سېپى ئۈچ ـ تۆت مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سۆگەت بادىرىسىدىن ياسىلىدۇ. بۇ قېيىق بىلەن كېتىۋېتىپ بېلىق تۇتۇشتا ناھايىتى ئەپچىل قورال ھېسابلىنىدۇ.

**ئىزاھاتلار:**

① ئىمىن تۇرسۇن: «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى 3 ـ ئاي نەشرى، 217 ـ بەت.

② ئابدۇقەييۇم خوجا: «دىيارىمىزدىن تېپىلغان قىسمەن يادىكارلىقلار ھەققىدە»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2009 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى.

**پايدىلانغان مەنبەلەر:**

ئاۋات ناھىيەسىنىڭ غوروچۆل بازىرى خېنىيا كەنتىدىكى داڭلىق مۇقامچى، ئۇۋچى، چېلىشچى ئىمىر ئىبراھىم بىلەن 2009 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئېلىپ بارغان سۆھبەت خاتىرىسى.

ئاۋات ناھىيەسىنىڭ ئايباغ يېزىسى كۆلاس كەنتىدىكى داڭلىق ئۇۋچى مەتنىياز داۋۇت ۋە ئاتام مۇھەممەد ئاقنىياز بىلەن 2009 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئېلىپ بارغان سۆھبەت خاتىرىسى.

# ئەختەم بۇزۇرگاھ ۋە تۇنەك

ئەختەم بۇزۇرگاھ ئاۋات ناھىيە مەركىزىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى تەخمىنەن 90 كىلومېتىر دائىرىگە، يەكەن دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى بويىغا جايلاشقان مەشھۇر مازار بولۇپ، شىمال تەرىپىدە «باش ئالغۇچ»، «قالماق قۇم» دېگەن جايلار بار، ئوتتۇرىنى پەقەت يەكەن دەرياسىلا ئايرىپ تۇرىدۇ.

مازار دائىرىسىدە بىر قانچە جايدا ئون نەچچە، يىگىرمە نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى دۆڭلۈكلەر بولۇپ، 200 دىن ئارتۇق قەبرە بار. ئەسلىدە بىرلا جايدىكى بۇ قەبرە بارا ـ بارا كىشىلەرنىڭ ساددا ھالدا مازارغا چوقۇنۇش تۇيغۇسى بىلەن، ئەتراپتىكى ياكى يىراق ـ يېقىندىكى ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ مېيىتىنى دەپنە قىلىش نەتىجىسىدە، مازار خېلى كېڭىيىپ، قەبرىلەرگە سانجىپ قويۇلغان تۇغ شادىلىرى دەسلەپكى ئىككى يۈز نەچچىدىن ھازىرقى 1000 دىن ئېشىپ، بىر قەبرە تۈپى شەكىللەنگەن (ئەمەلىيەتتە بۇيەرگە قويۇلغانلار بىر قانچىلا ئادەم بولۇپ، مازارنى ئۇلۇغلاپ قەبرىنىڭ ئۈستى دەسسىلىپ كەتمىسۇن دەپ، چۆرىسىگە سانجىپ قويۇلغان تۇغ شادىلىرىنىمۇ كېيىن كىشىلەر قەبرە دەۋالغان بولۇشى مۇمكىن).

خەلق ئارىسىدا بۇ مازار توغرۇلۇق رىۋايەتلەر كۆپ بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر «رەسۇلۇللا» (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) بىلەن بىللە ياشاپ ئۆتكەن «ئەختەم رەزىيۇللاھۇ ئەنھۇ» دېگەن كىشىگە باغلايدۇ. بىراق ئىسلام تارىخىدىن قارىغاندا، ئەختەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەرەبىستاندا شېھىت بولۇپ، ئۆز زېمىنىغا دەپنە قىلىنغان. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئەختەم ئەسلىي دولان

قوشۇنلىرىنىڭ سەردارى بولۇپ، 18 ـ ئەسىرلەردە جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۇيغۇر دۆلانلىرىنى تالان ـ تاراج قىلىشى ۋە زۇلمىغا قارشى كۆرەش ئېلىپ بارغان مىللىي قەھرىمان (ھازىرقى مەكىت ناھىيەسىدىكى شىپىتدۆڭ يېزىسىغا تەۋە «قالماق جىلغىسى» قاتارلىق يەر ناملىرى شۇ زاماندىكى ۋەقەلەرنىڭ يادنامىسى). ئۇ 1743 ـ يىلىدىن 1748 ـ يىلىغىچە قوشۇنلىرى بىلەن دۆڭلۈكلەرنى ئۆزگە دالدا قىلىپ، چىن دەيخان باشچىلىقىدىكى موڭغۇل قوشۇنلىرىغا قاتتىق زەربە بېرىپ دەريادىن ئۆتكۈزمەي ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىنى كېچىكتۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن جۇڭغار قوشۇنلىرى ئىلگىرىلىيەلمەي، قۇم بارىخانلىرى ئارىسىدا ۋاقتىنچە تۇرۇپ قالغان. شۇڭا، كىشىلەر ئۇلار تۇرغان جاينى «قالماق قۇم» دەپ ئاتىغان. دۈشمەن تەرەپ كۆپ بولغانلىقتىن ئاخىرى ئەختەمنىڭ قوشۇنلىرى يېڭىلىپ، ئەختەم قازا قىلغان. ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ بەزىلىرى دۈشمەنلەرگە ئەسىرگە چۈشكەن. جۇڭغار قوشۇنلىرى ئەسىرلەرنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ، قۇملۇقتىكى بارگاھىنىڭ يېنىدا ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئالغان. بۇ جاي شۇنىڭدىن باشلاپ «باش ئالغۇچ» دەپ ئاتالغان. كېيىنكىلەر ئۆز سەردارىنىڭ باتۇرلۇقىنى ياد ئېتىپ، قەبرىسىگە دۇئا ـ تەكبىر قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن، بۇ جايغا مەسچىت سالغان ۋە مازار شەكىللەندۈرگەن (ئەختەم بۇزرۇگاھ خانىقاسىنىڭ سېلىنغىنىغا 100 يىلدىن ئاشقان بولۇپ، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا غوروچۆللۈك تەۋەككۈلبەگ شەھەر مەھەللىسىدىن تۇردىخان، روزىخان دېگەن ياغاچچى ئۇستىلارنى يىغىپ ياساتقان. ئايباغ يېزىسىنىڭ كۆلاس كەنتىدىكى ئىمىن ھاجىم قاتارلىق بىر نەچچە كىشى ئىلگىرى ـ ئاخىر رېمونت قىلدۇرغان). مازار ۋە ئەتراپتىكى «سەردار گۈمبىزى» قاتارلىق باشقا قەبرىلەرنى قوغداش، بىر قىسىم يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ مال ـ دۇنيا قوغلىشىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش (ئاشۇ بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بولسۇن ئۈچۈن، شەيخلەر

خانىقانىڭ قىلىۋە تېمىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە يوغان قىلىپ: «كىمكى بۇيەردە دۇنيا توغرۇلۇق خىيال قىلسا 40 يىللىق ئىبادىتى بىكار بولغاي» دەپ يېزىپ قويۇلغان)، كۆكەرتىش، تاۋاپچىلارغا مۇلازىمەت قىلىش ئۈچۈن، خانىقانى سېلىشتىن ئىلگىرىلا بۇ يەرگە مەخسۇس شەيىخ قاراپ كەلگەن بولۇپ، ئىبراھىم شەيىخ (غوروچۆل بازىرىنىڭ دولان كەنتىدىن، بۇندىن 60 نەچچە يىل بۇرۇن بۇزۇرگاھقا قارىغان. ئۇ چاغدا بۇزۇرگاھتا ئولتۇرۇشلۇق توققۇز ئائىلىلىك بولۇپ، دەريادا سۇ كۆپ، يايلاق ناھايىتى مۇنبەت بولغاچقا، چارۋىسى ئاينىپ ئىككى مىڭغا يەتكەن)، مۇھەممەد شەيخ (مۇھەممەد خۇدەك، غوروچۆل بازىرىنىڭ دولان كەنتىدىن، هازىر 91 ياش، ئۇنىڭ دېيىشىچە، 8 ~ 10 ياش ۋاقتىدا بۇزۇرگاھتا 50 ~ 60 ئائىلىلىك ئولتۇراقلاشقان، ئابدۇللا سەمىدى ‹ئاۋات ناھىيەسى تامتوغراق يېزىسىنىڭ ئارال كەنتىدىن، 1946 ـ يىلىدىن 1950 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە ئاۋات ناھىيەسىگە هاكىم بولغان، هاكىم ۋاقتىدا بۇ يەرگە تېرىلغان زىرائەتلەرنى، مارالبېشىنىڭ شاقۇر يېزىسىدىكىلەرنىڭ ئېلىپ كېتىشى ۋە ئوغرى ـ قاراقچىلارنىڭ جاڭگالنىڭ تېخىمۇ ئىچكىرىسىگە قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، 1947 ـ يىللىرى هۆكۈمەتنىڭ تامغىلىق ئۇقتۇرۇشى بىلەن 1948 ـ يىلىدىن 1982 ـ يىلىغىچە بۇزۇرگاھقا قارىغان)، ئەمەت شەيىخ (ئەمەت سالى، 82 ياش، غوروچۆل بازىرىنىڭ ئارا مەھەللە كەنتىدىن، 1982 ـ يىلىدىن 1999 ـ يىلغىچە بۇزۇرگاھقا قارىغان)لار ئون نەچچە يىلدىن تۇرغان. يېقىنقى مەزگىللەردە ئاخنىياز شەيخ (ئاخنىياز مۇھەممەد) قاراپ كەلمەكتە. هەر يىلى بۇ يەردە ئۆتكۈزۈلىدىغان تۇنەك پائالىيىتى ئەجداد ۋە ئەۋلاد روھىنى تۇتاشتۇرىدىغان رىشتە قاتارىدا ئاۋات ناھىيەسى ۋە ئەتراپتىكى قوشنا يۇرتلاردىكى ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ مازارغا، جۈملىدىن ئەجدادلىرىغا بولغان سېغىنىشىنى ئىپادىلەشنىڭ مۇھىم شەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ كەلمەكتە (يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دىنىي

پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇش ئىزامنامىلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن، تۇنەككە كېلىدىغانلارنىڭ سانى ئازلىدى).

ئەختەم بۇزۇرگاھ ئەتراپىدا «ياغاچ كەتمەن دولانلىق» (بەزىلەر 7200 ياغاچ ئۆيلۈك دولانلىق، 72 مىڭ ياغاچ ئۆيلۈك دولانلىق دەيمۇ ئاتىشىدۇ)، «سەردار گۈمبىزى»، «غېزى گۈمبىزى»، «سىراش گۈمبىزى»، «ئەسكەر ئۆلدى»، يەكەن دەرياسىنىڭ ئەگىم بويىدا «كۆكساراي»، «يېرىندا تام» قاتارلىق مۇھىم مەدەنىي يادىكارلىق ئىزنالىرى بولۇپ، ئۇلارنى ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇر دولانلىرى ياشىغان ئاساسلىق يۇرتلار قاتارىدا ساناشقا بولىدۇ. چۈنكى كۆكسارايدىكى كۆچلۈك بوراندا ئېچىلىپ قالغان ھەشەمەتلىك ئوردا ـ سارايلارنىڭ كۆك، قىزىل رەڭدە سىرلانغان ۋاسا ۋە نەقىشلەنگەن تاختاي ـ ياغاچلىرى، «ياغاچ كەتمەن دولانلىق» تىكى قەبرە سانىنىڭ كۆپلۈكى، دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى (تەخمىنەن 10 مو ئەتراپىدا) كەڭرى ۋادىغا توغراقتەك يېيىلىپ، تەبىئەتكە توغراق يىلتىزىدەك چىرمىشىپ، ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، ۋە تېرىقچىلىق بىلەن بۇ ئانا ماكاننى گۈللەندۈرۈپ ئۆتكەن نوپۇسى خېلى كۆپ (بەلكىم ئىككى ـ ئۈچ تۈمەن ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق) ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئىلگىرى بۇيەردە ھەقىقەتەن ياشاپ ئۆتكەنلىكىنى، شۇنداقلا بۇيەرنىڭ ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ مۇھىم پائالىيەت ماكانلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى سۆزسىز ئىسپاتلايدۇ.

ھەرىيلى تۇنەك مەزگىلىدە (بارات ئېيىنىڭ 14 ـ، 15 ـ كۈنلىرى) ئەختەم بۇزۇرگاھىغا يەكەن، يوپۇرغا، مەكىت، مارالبېشى، ئۈچتۇرپان، ئاقسۇ قارىتالدىن، ئاۋات ناھىيەسىنىڭ ھەر قايسى يېزىلىرىدىن ئاز بولغاندا ئۈچ ـ تۆت يۈز، كۆپ بولغاندا بىرەرمىڭچە ئادەم كېلىپ ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ، ناھايىتى چوڭ تۇنەك ئۆتكۈزىدۇ (ھازىر تۇنەككە كېلىدىغان ئادەملەرنىڭ سانى ئازىيىپ، كۆپ قىسىم ئادەتلەر ئۆزگىرىپ كەتتى. بۇيەردە بايان قىلىنغىنى ئونبەش ـ يىگىرمە يىل بۇرۇنقى ئەھۋال).

تۇنەككە كېلىدىغانلار ئادەتتە قەمەرىيە كالېندارى بويىچە بارات ئېيىنىڭ 13 ـ كۈنى ئەختەم بۇزۇرگاھىغا ئاساسەن كېلىپ بولىدۇ. كەلگەنلەر مازارغا قارايدىغان شەيىخلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە بەلگىلەنگەن جايدا ئېلىپ كەلگەن چارۋا مال، توخۇ، كەپتەرلىرىنى قۇربانلىق قىلىدۇ (قۇربانلىق قىلىنغان چارۋا مال ئەڭ كۆپ بولغاندا 500 گە يېتىدۇ. ئادەتتە چارۋا ماللار ئۆلتۈرۈلۈپ، كاللا ـ پاچاق، تېرە ـ زاسۇيلەر شەيىخكە بېرىلىدۇ. ئەمەت شەيىخ بۇ مازارغا قاراۋاتقان چاغدا بىر قېتىم 50 نەچچە تېرە يىغالايتتى). مازارغا تۇنەككە كەلگەنلەرنىڭ قۇرۇق قول كەلمەي قۇربانلىق ئۈچۈن چارۋا ـ مال، توخۇ، كەپتەر، ھېچبولمىغاندا سەۋزە، گۇرۇچ قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىشى شەرت بولۇپ، بۇ ھەقتە مۇنداق بىر قوشاق بار:

سەن مازارغا بارمىغىن،
نەزىر ـ نىيازىڭ بولمىسا.
دۇئايىڭ مۇستەجىپ بولماس،
بىر باش پىيازىڭ بولمىسا.

قۇربانلىق قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، نەچچە ئون يەرگە داش قازانلار ئېسىلىپ، نورۇز بايرىمىدىكى زاراخەتمە ئېشىدەك ھەركىم ئېلىپ كەلگىنىنى ئوتتۇرىغا تۆكۈپ تاماق ئېتىلىدۇ. كۆپىنچە پولۇ ئېتىلىدۇ، قۇيماق سېلىنىدۇ. تاماق يېيىلىپ دۇئا ۋە قىرائەت قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ھەممەيلەن ئارام ئالىدۇ. خۇپتەنگە ئەزان توۋلىنىپ، جامائەت خانىقادا خۇپتەن نامىزىنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن، تۇنەك پائالىيىتى رەسمىي باشلىنىدۇ.

تۇنەككە زور كۆپ سانلىق تاۋاپچىلار بىلەن بىرگە ئايالLAR، بالىلار، ئاغرىق ـ سىزلاق، ئاقساق ـ چولاقلاردىن باشقا، يەنە باخشى، مەدداھ، قارىم ۋە قارىيەلەرمۇ قاتنىشىدۇ. بۇلارنى چۆرىدىگەن ھالدا بىر قانچە چەمبەرسىمان چوڭ توپ

شەكىللىنىدۇ. ھەر كىم بىللە كەلگەنلەر بىلەن ئۆز ئىستەك ـ خاھىشى بويىچە توپقا قوشۇلىدۇ. ئادەتتە تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە خىل پائالىيەت ئېلىپ بېرىلىدۇ.

1. خانىقا ئىچىدە خەتمە ئوقۇيدۇ.

2. باخشىلار ئاغرىق ـ سىزلاقلارغا پېرە ئوقۇيدۇ.

3. ئاياللار ھەلقە قىلىدۇ (بىرەر كېسەل ئايالنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، چۆرىدەپ يوكۇنۇپ ئولتۇرۇپ، خەتمە ـ قۇرئان قىلىدۇ ياكى پېرە ئوينىتىدۇ).

4. مەدداھلار ساپايىلىرىنى چېلىپ، پەيغەمبەرلەرنى مەدھىيەلەپ ھۆكمەت ئوقۇيدۇ. جەڭنامىلەرنى سۆزلەيدۇ.

مۇشۇنداق پائالىيەتلەر تاڭ ئاتقۇچە داۋاملىشىدۇ، ھېچكىم ئۇخلاپ قالمايدۇ. بامدات نامىزى ۋاقتىدىلا جامائەت يىغىلىپ سەپ بولۇپ بامدات نامىزىنى ئۆتەيدۇ، ئاندىن خېلى بىر چاغقىچە ئۇخلاپ، ۋاقىچە تاماق ئېتىپ يەيدۇ. كۈندۈزى مۇشۇنداق ئۆتىدۇ. كەچتە خۇپتەندىن كېيىن پائالىيەت يەنە شۇ تەرتىپتە داۋاملىشىدۇ.

مازارنى ئۇلۇغلاشقا ئائىت مۇبالىغە شەكلىدىكى تۈرلۈك رىۋايەتلەر خەلق ئارىسىدا كەڭ تارالغان. مەسىلەن، خانىقانىڭ شىمال تەرىپىدە تىلەكخانا بولۇپ، تۇغماس ئاياللار بۇيەردە تىلىكىنى ئېيتسا تۇغىدۇ. ئاغرىقلارنىڭ كېسىلى ساقىيىدۇ. باشقا تىلىكى بارلارمۇ تىلىكىنى ئېيتسا، تىلىكى ئىجابەت بولىدۇ. ھەتتا ئىلگىرى مەككە ـ مۇكەررەمگە ھەج قىلغىلى بارغانلارغا شۇ يەردىكىلەر: «سىلەرنىڭ بۇيەرگە ھەج قىلغىلى كەلگىنىڭلارمۇ بوپتۇ، ئەمما سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلاردىكى ئەختەم بۇزۇرگاھمۇ ناھايىتى ئۇلۇغ مازار، شۇ يەرنى تاۋاپ قىلساڭلارمۇ بولاتتى» دەپتۇ، دېگەندەك گەپلەر بار. شۇڭا ھەر يىلى تونەكتە بۇيەرگە كېلىدىغان ئاياللار، ئاغرىق ـ سىزلاقلار مەلۇم نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. بۇلار چەكسىز ئىخلاس بىلەن تاۋاپ ۋە قۇربانلىق قىلىپ، ئاللادىن ئۆزىگە سالامەتلىك، كېسىلىگە شىپالىق تىلەيدۇ. ئەمما يېتىلگەن بىر قىسىم موللىلار: «بۇ يەرگە كېلىپ خەتمە

قۇرئان قىلىپ يانسا بولىدۇ، ئەمما مەككىدىن باشقا يەرنى تاۋاپ قىلىش دۇرۇس ئەمەس، بۇنداق قىلىش ئىسلام شەرىئىتىدىن ئازغانلىق» دەپ قارايدۇ.

**پايدىلانغان مەنبەلەر:**

1. مۇھەممەد ئوسمان ئەمرىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدە 1997 ـ يىلى تۈزۈلگەن «ئاۋات تارىخي ماتېرىياللىرى» نىڭ 1 ـ قىسمى (ئىچكى ماتېريال).

2. «ئۇيغۇر مازارلىرى»، راھىلە داۋۇت ئەلچىن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى.

3. ئەمەت سالى بىلەن 2006 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت خاتىرىسى (ئەمەت سالى 81 ياش، غوروچۆل بازىرى ئارا مەھەللە كەنتىدىن، ئەختەم بۇزۇرگاھقا 1982 ـ يىلدىن 1999 ـ يىلغىچە 16 يىل قارىغان).

# ئۇيغۇرلاردا ئات مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ دولان چالغۇلىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرى

قەدىمكى زامانلاردا غەربىي يۇرت (قۇرىغار) نىڭ دائىرىسى كۆپ چوڭ ئىدى، پەقەت غەربىي شىمال چېگراسىنى ئېلىپ ئېيتساق، بالقاش كۆلىگىچە بېرىپ يېتەتتى. غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيەلىك تۇزۇلۇشى چارۋىچىلىق ئۇچۇن ئەۋزەل شارائىت ھازىرلىغان بولۇپ، بۇ زېمىندىكى كەڭرى كەتكەن يايلاقلار يازلىق ۋە قىشلىق دائىرىسى بىلەن ئايرىلاتتى. چارۋىلار ئوزۇقلۇق قىلىدىغان ئوت - چۆپلەرنىڭ تۇرلىرى ئىنتايىن مول بولۇپ، يايلاق ئۆسۈملۈكلىرىدىن سىرت، يەنە ئورمان، چاتقاللارمۇ ناھايىتى قويۇق ئۆسەتتى. بۇ يەردىكى ئاساسلىق ئاھالىلەر چارۋىچىلىقنى ئەڭ دەسلەپتە ئات قاتارلىق ھايۋانلارنى كۆندۈرۈپ بېقىشتىن باشلىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاتنى كۆندۈرۈشى ياكى ئات مىنىشنى ئۆگىنىشى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى غايەت زور ئىقتىدارلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت دەۋرىدىكى قەدىمىنى تېزلىككە ، تۇرمۇشىنى ئاجايىپ مول مەزمۇنغا، ھاياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. گەي شەنلىن ئەپەندى ئېلىمىزنىڭ شىمالىي يايلاق رايونىدىكى قىيا تاشلارغا ئويۇلغان رەسىملەر ۋە بەزى يازما ھەم ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، ئاتنىڭ كۆندۈرۈلۈشىنى 5000 يىللىق تارىخقا ئىگە دەپ قارايدۇ. [1] «ئاتنىڭ كۆندۈرۈلۈشى گىرېتسىيەدە 4000 يىللىق، مىسىردا 3600 يىللىق، ياۋروپادا 2700 يىللىق تارىخقا ئىگە بولغانلىقىغا قارىغاندا، ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ ھەم ئوتتۇرا

تۇزلەڭلىك رايونىنىڭ شىمالى (ئاساسەن سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالى) دۇنيا ئاتچىلىقىنىڭ بۆشۈكى ھېسابلىنىپ، ئىلىمىز جۇڭگومۇ ئاتچىلىقتا 5000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە، دۇنيا بويىچە ئەڭ قەدىمكى ئات باققۇچى مەملىكەت ھېسابلىنىدۇ.[②] ياپونىيە ئالىمى چيەنداۋ شىنىسى ئېيتقاندەك «مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 10 مىڭ يىلنىڭ ئالدى ـ كەينىدە باشلانغان ئات مىنىش تېخنىكىسى دېھقانلار بىلەن چارۋىچىلارنىڭ بۆلۈنۈشىگە زور ئۆزگىرىش ۋە ئىلگىرىلەش كەلتۈرگەن».[③] «ئاتنىڭ كۆندۈرۈلگەن دەۋرى ئەمەلىيەتتە ئات مەدەنىيىتىنىڭ رەسمىي باشلانغان دەۋرى بولۇپ، بۇ خىل مەدەنىيەت ماكان جەھەتتىن ئات كۆندۈرۈلگەن ۋە ئاتنىڭ ئانا ۋەتىنى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدا ياشايدىغان خەلقلەر ئارىسىدا ئەڭ دەسلەپتە بارلىققا كەلگەن. ‹بۈيۈك بىرىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيەسى›دىمۇ ‹ئات تۇنجى قېتىم مەركىزىي ئاسىيا رايونىدا كۆندۈرۈلگەن ۋە تەرەققىي قىلغان› دېيىلگەن».[④]
«ئەگەردە دۇنيا يەر شەكلى خەرىتىسىنى ئېچىپ ياۋرو ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، شەرقتە چوڭ ـ كىچىك ھىنگان تاغلىرىدىن غەربتە قارا دېڭىز ساھىللىرىغىچە، شىمالدا يىنسەي ۋە سىبىرىيە داللىرىدىن جەنۇبتا قۇرۇم تاغلىرىغىچە بولغان چەكسىز بەلباغنى كۆرىمىز. مانا مۇشۇ بىپايان ۋادىدا، ئوچۇق دېڭىزلارنىڭ نەم ئېقىمى يېتىپ كېلەلمەيدىغان، دەريالىرىنىڭ ئايىغى چىقمايدىغان، ئادەملىرى پايانسىز چۆل، ئېگىز تاغ ۋە سېخىي يايلاقلاردا مەڭگۇ يەتكىلى بولمايدىغان يىراقتىكى ئۇپۇق سىزىقىنى قوغلاپ ياشايدىغان سىرلىق زونىدا ــ ئىنسانىيەت ئۆتمۈشىنىڭ شانلىق بىر قىسمى يارىتىلغان. مانا مۇشۇ ئۇزاققا سوزۇلغان ئېچكى قۇرۇقلۇقتا رەھىمسىز تەبىئەتنىڭ رىيازەتلىرىگە كۆنۈككەن بۇ جەسۇر ئادەملەر ئاتتىن ئىبارەت جەڭگىۋار ھايۋاننى كۆندۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا مىنىش تېخنىكىسىنى ياراتقان. ئاتنىڭ كۆندۈرۈلۈشى ۋە جەڭدە ئىشلىتىلىشى ئىنسانىيەتنى يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگە باشلاپ كىردى. مەركىزىي

ئاسىيا ئۆزىنىڭ ئۇچقۇر ئاتلىرى بىلەن شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندى. ئات يايلاق مىللەتلىرىنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرىنى ئاچتى. ئات ـ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى ۋە بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ كارتىنىسى بولغان ئېپوسچىلىق ئېراسىنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئات تۇياقلىرىنىڭ شىددەتلىك دۈپۈرلەشلىرى ئىنسانىيەت تەپەككۇرى ۋە ئىجادىيەت سېزىمىنى قاناتلاندۇردى».⑤

ئات ــ ناھايىتى سەزگۈر، ئەقىللىق، ۋاپادار ھايۋانلارنىڭ بىرى بولۇپ، كۆندۈرۈلگەندىن كېيىن، ئاۋۋال تۇرمۇشتا قاتناش قورالى بولۇشتىن باشقا، چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق، دېھقانچىلىق قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىلگەن. مىلادىيەدىن تەخمىنەن 3000 ~ 3500 يىللار بۇرۇن ئاۋۋال چاق، ئاندىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ھارۋا (قاڭغا) پەيدا بولغاندىن كېيىن، بۇ ھارۋىلارغا ئاتنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئاتنىڭ تۇرمۇشتىكى رولى تېخىمۇ زورايغان. ياپونىيە ئالىمى جياڭشاڭ بوفۇنىڭ «شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، ئەگەر ئاتقا مىنىپ جەڭ قىلىش تېخنىكىسى بارلىققا كەلمىگەن بولسا، ئىنسانىيەت تارىخى پۈتۈنلەي باشقىچە بولاتتى. ئاتنىڭ ھەربىي يۈرۈشلەردىكى ئۈستۈنلۈك ئورنى تەخمىنەن 3000 يىلغا يېقىن داۋام قىلدى. پەقەت بىرىنچى جاھان ئۇرۇشى پارتلاپ، ئايروپىلان ۋە تانكىلار بارلىققا كەلگەندىن كېيىنلا ئاتنىڭ ئۇرۇشتىكى ھەل قىلغۇچ ئورنىدا ئۆزگىرىش يۈز بەردى.»⑥ دەپ كۆرستىپ ئۆتكىنىدەك، تەتقىقاتچىلارنىڭ مۇئەييەنلەشتۇرۇشىچە، ئات مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە دەۋر بۆلگۈچ رول ئوينىغان. بارا ـ بارا ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئات قەھرىمانلىقنىڭ، باتۇرلۇقنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان. ئات شامانىست ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە تەڭرىگە تىلەكنى ئەڭ تېز يەتكۈزگۈچى ئەلچى دەپ قارىلىپ چوقۇنۇش دەرىجىسىگىچە يېقىنلاشقان. ئەينى دەۋر رېئاللىقىدا ئاتسىز جەڭلەردە غەلىبە قىلغىلى، ئوۋ غەنىيمەتلىرىگە ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن ئېنىق

كۆرۈۋالالايمىز. «ئەل ئاتىنىڭ يەنە بىر ئىسمى. ئات تۇركلەرنىڭ قانتى بولغانلىقتىن، ئاتنى ‹ئەل› دەپمۇ ئاتايدۇ. قۇش قانتى بىلەن، ئەر ئېتى بىلەن. ئارپىسىز ئات قىر ئاشالماس، ياردەمچىسىز باتۇر سەپنى يىمىرەلمەس».[7] قەدىمكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئاتنى ئۇلۇغلاش تۇپەيلى تەڭرىقۇت ياكى سەركەردىلەر ئۆلسە ئۇلارنىڭ مىنىدىغان ئېتىنىمۇ بىرگە قوشۇپ ھەمدەپنە قىلىش ئادىتى بولغان. كۆپلىگەن ئۇيغۇر قەبرىستانلىقلىرىدا ئاتنىڭ باش سۆڭىكىنى قەبرە بەلگىسى ئورنىدا بېكىتىپ قويۇش ئادىتى يېقىنغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. قەدىمكى دەۋرلەردە ئات يەنە مۇقىم پۇل بىرلىكى ئورنىدا ئىشلىتىلىپ، تاۋارلارنى ئالماشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان. ئاتنى ئۇرۇش، خارلاشنى ئېغىر گۇناھ دەپ قارىغان ھەمدە يۈگۈرۈكلۈكى، چەبدەسلىكى، كۈچتۈڭگۈرلۈكى ۋە باتۇرلارنىڭ مەدەتكارلىقى بىلەن ئالاھىدە چوقۇنغان. ئاتنى ئۇلۇغلاپ مونچاق ئاسقان، يامان روھلاردىن قوغدىغان.

قەدىمكى كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك زوقلىنىش، گۈزەللىككە ئىنتىلىش ھەۋىسىمۇ بالدۇرراق ئويغانغان بولغاچقا، بۇ قەدەر ئۇلۇغلانغان ئاتتىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە ھايۋاننىڭ ئۇلارنىڭ سەنئەت ۋە گۈزەللىك كۆز قاراشلىرىدا، تۈرلۈك تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا چۈشۈرۈلگەن گۈل ـ كەشتە نۇسخىلىرىدا ئەكس ئەتمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەسىلەن، قەدىمكى خوتەن خانلىقىغا دائىر پۇللارغا ئاتنىڭ كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن. قىيا تاش سىزمىلىرىدىمۇ ئاتنىڭ ئوبرازى كۆپرەك كۆزگە چېلىقىدۇ. 1930 ـ يىلى ئا. ستەيىن قەدىمكى كىروران قەبرىگاھىدىن خەن سۇلالىسى دەۋرىگە توغرا كېلىدىغان بىر پارچە توقۇلمىنى بايقىغان بولۇپ، ئۇ چاپچىپ تۇرغان ئات كەشتىلەنگەن يۇڭ توقۇلما ئىدى. نىيەدىن قېزىۋېلىنغان مىلادىيە 3 ـ، 4 ـ ئەسىرلەرگە ئائىت نەقىشلەنگەن رەڭلىك ئۇستەل پۇتلىرىنىڭ تۆۋەنكى قىسمى ئات تۇيىقى شەكلىدە... ياسالغان.[8] سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى

ئـارخېئولـوگلىرىـمۇ دىققـىتىگە سازاۋەر كۆپلىگەن ئۆزگىچە... 

ئـارخېئولـوگلـرىـمۇ دىڭلـىڭلارغا مـەنسۇپ تاشـتىق قورغـىنىنـى قازغانـدا ئـات، بۇغا، قـوي ۋە كـېيىـك قـاتارلـىق هـايۋانـلارنـىڭ هەيكىلىنى تاپقان، تاشتىق مەدەنىيەت دەۋرى ئادەتتە مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 ـ 5 ـ ئەسىرلەر دەپ قـارىلـىدۇ.[9] جۇڭگـو پـەنلـەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن 1955 ـ، 1957 ـ يىللىرى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ هازىرقى شىئەن شەهىرى ئـەتراپىدىكى شاڭلـىڭفەن دېگەن جايدىن 140 ـ نومۇرلۇق خـەن سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە ئالاھىدە بىر قەبرە تېپىلغان. بۇ قەبرىگە دەپىن قىلىنغان ئۆلۈك بـىلەن بىللە كۆمۈلگەن ئـاخىرەتلـىك نەرسىلەر ئىچىدىن ئىككى پارچە تۆت چاسا مىس تاختاي چىققان. مىس تاختايغا ئىككى نەپەر ئادەم، ئىككى ئاتنىڭ سۈرىتى نەقىش قىلىپ چۈشۈرۈلگەن.

دېمەك، ئـات ـــ يۇڭ توقۇلـمىلار، كىگىز ـ گـىلەم، كەشتە نۇسخىلىرى، ئورۇندۇق ـ ئۈستەللەر، بۇت ـ هەيكەللەر، قىسقىسى تۇرمۇش ۋە ئۆرپ ـ ئـادەتنىڭ هـەممە تەرەپلىرىدە نـامايان بولـۇپ تۇرىدىغان ئەنە شۇنـداق ئالاھىدە ئـوبرازى بىلـەن شۇ دەۋرلەردىكى ئـۇيغۇرلارنـىڭ، جـۈملـىدىـن ئۇيغـۇر دولانـلىرىـنىڭ ناخـشا ـ ئۇسسۇللىرىغىمۇ بارا ـ بارا سىڭىپ كىرىپ، ئۆزىنىڭ سىمۋوللۇق خۇسۇسىيىتىنى توختاۋسىز رەۋىشتە نامايان قىلغان. مەسىلـەن، دولان مـەشرەپلىـرىدە ئىپـتىدائىـي ئۇسسۇلـلارنىڭ نـامـايەندىـسى سۈپىتىدە هازىرغىچە ئوينىلىپ كېلىۋاتقان «ئاغمـاق (ئارغىمـاق)» ئـۇسۇلىنـىڭ تارىخـىنىمـۇ خېلى ئـۇزاقلاردىن ئـىـزدەشكە تـوغـرا كـېلىدۇ. بۇ ئۇسسۇل مـەركىزىي ئـاسىيالىقلارنىڭ ياۋا ئاتلارنى كۆندۈرۈش جـەريانىـنـى بىۋاسـىـتە ئىـپـادىلەپ بېـرىدۇ. ياخشى كۆرگەن، چـوقۇنغان ئـوبرازلارنىـڭ قـانچە كـۆپ نـامايان بـولـۇپ، كۆزگە چېلىقىپ تۇرۇشى ياخشىلىقتىن، بەخت ـ قۇتتىن بېشارەت بېرىدۇ، دەپ قارىلىدىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئـارزۇ ـ هەۋىسىگە ماس هالدا، ئـات ئوبرازى ئاساسلىق دولان چـالغۇلـىرى

بولغان غېجەك ۋە دولان راۋابىدىمۇ (دولان مۇقاملىرىدا ئىشلىتىلىدىغان چالغۇلار قالۇن، دولان قىل غېجىكى، دولان راۋابى، دولان نەغمە دېپى ۋە تاش، قوشۇقلار بولۇپ، بەزى تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا داپنى قۇياش ئېتىقادچىلىقى دەۋرىنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ. قالۇننىڭ پەيدا بولغان ۋاقتىمۇ مىلادىيەدىن 2000 ـ يىل بۇرۇن بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن باشقا دۆلەتلەرگە تارقالغانلىقى ئىسپاتلانغان.[10] مېنىڭ مۇھاكىمەم ئاساسلىقى، دولان راۋابى بىلەن دولان قىل غېجىكى ھەققىدە بايان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، باشقىلىرى ئۈستىدە توختالمايمىز) ئۆزىنى نامايان قىلغان.

مەركىزىي ئاسىيا خەلقى ئۇزاق سوزۇلغان غار ـ جىلغا مەدەنىيەت دەۋرىدىن كېيىن، يايلاق مەدەنىيىتى ۋە بوستانلىق مەدەنىيىتى دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئات مەدەنىيىتى ئۇلارنىڭ بايقال كۆلىدىن كاسپىي دېڭىزغىچە، يەنسەي ۋادىلىرىدىن ئامۇ ساھىلىغىچە ئەركىن پەرۋاز قىلىشىغا ئىمكان يارىتىپ بەردى. ئۇلار ئۆزلىرىنى شەرق تېرىمچىلىرىدەك شاھ ـ ئىمپېراتور پۇقرالىرى دەپ ئەمەس، تەبىئەت تەڭرىنىڭ پەرزەنتلىرى دەپ چۈشىنەتتى. ئۇلارنىڭ تەبىئىي مۇھىتى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەرىكەتچان تۈزۈلمىسى گەرچە ئىپتىدائىي، مۇقىمسىز ۋە بەدىئىي ھالەتتە بولسىمۇ، ئۇلارغا قۇلچىلىق، بېكىنمىلىك، رايىشلىق روھىغا زىت بولغان ئەركىن ـ ئازادىلىك ئىنتىلىشى ۋە ئادەتلىرىنى بەخش ئەتتى، ئىنسان سۇبيېكتىغا، ئۆز ـ ئۆزىنى ئىپادىلەشكە بىر قەدەر بالدۇر قەدەم باسالىدى. «جۇ قائىدە ـ يوسۇنلىرى›، ‹چى قەبرىگاھىنىڭ يىلنامە خاتىرىسى› دېگەن كىتابلاردا (مىلادىيەدىن 21 ـ ئەسىر ئىلگىرى) تى لۇ ئىسىملىك كىشىنىڭ تۆت تەرەپ خەلقىنىڭ مۇزىكىسىنى تەتقىق قىلغانلىقى، 24 ـ جىلدىدىكى تى لۇغا ئائىت قىسمىدا غەربىي يۇرتتا ‹جۇلى› ناملىق مۇزىكا ـ ئۇسۇلنىڭ بولغانلىقى يېزىلغان».

«جىننامە. مۇزىكا تەزكىرىسى›، قاتارلىق مەنبەلەردە مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 119 ـ يىلى جاڭ چيەن ئىككىنچى قېتىم غەربىي دىيارغا ساياھەت قىلغاندا ‹ماخا دولى› (ياكى ماھادۇر) نەغمىسىنى چاڭئەنگە ئېلىپ قايتقانلىقى تىلغا ئېلىنغان»[11] «كونا تاڭنامە. مۇزىكا تەزكىرىسى» دە شىمالىي دىغار (北狄) خەلقلىرىنىڭ ئات ئۈستى چالغۇلىرى — كاناي ۋە دۇمباق خەن سۇلالىسىنىڭ ھەربىي ئوركېستىرىغا قوبۇل قىلىنغان، دېيىلگەن.

يۇقىرىقىلاردىن دەسلەپكى قەدەمدە شۇنداق يەكۇن چىقىرىشقا بولىدۇكى، مەركىزىي ئاسىيا خەلقىنىڭ يوكسەكلىككە، تەڭرى دەرگاھى دەپ قارىلىدىغان كۆپكۆك ساماغا ئوخچۇپ تۇرىدىغان ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى تەبىئەتتىكى تۈرلۈك ـ تۈمەن ئاۋازلارغا، جۈملىدىن ئاتنىڭ رىتىملىق قەدەم تىۋىشلىرى ۋە پۇشقۇرۇشلىرىغا تەقلىدىي ھالدا ئىجاد قىلىنغان ئىپتىدائىي كۈي ـ قوشاقلىرىنى بىپايان دەشت ـ چۆللەردە دەستىسىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىغا ئاتنىڭ بېشى كىرىشتۈرۈلگەن قوشۇقسىمان دولان راۋابى، ئاتنىڭ قۇيرۇقىنى تارا ۋە كامالچە قىلىش ئارقىلىق ياسىغان غىجەك (ئەسلىي غىرداپ چېلىنىدىغان ساز مەنىسىدىكى غىجەك) قاتارلىق چالغۇلىرىنى تەڭكەش قىلىپ بەزمە ـ مەشرەپلەردە چېلىپ، باشقا مىللەتلەرنى ھەيران قالدۇرغانلىقى ئۇلارنىڭ سەنئەت دەۋرىگە خېلى بالدۇرلا قەدەم قويغانلىقىنىڭ جانلىق ئىسپاتى، ھەمدە ئات ئوبرازىنىڭ قەدىمكى چالغۇلاردا تەقلىدىي ۋە ئىجادىي يوسۇندا نامايان بولۇشى ئىدى.

### 1. دولان راۋابىدا ئات ئوبرازى

دولان راۋابى دولان چالغۇلىرى ئىچىدىكى تارىخى نىسبەتەن ئۇزۇن ھەم ئاساسلىق چالغۇلارنىڭ بىرى. رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ھالىتى رىزوناسلىق ئاۋاز ساندۇقى شەكلىدە بولۇپ، ئاددىي، پەدىسىز ھالەتتە ئۈجمە ياغىچى ۋە باشقا ياغاچلاردىن ياسالغان. ئىككى تال تارىسى بولۇپ، يۇزىگە

ئات، قوي ياكى ئېشەك تېرىلىرى كېرىلگەن.[12] بارا ـ بارا ئۈچ بۇرجەك شەكىلدىن، قوي ئۈچىيىدىن قىلىنغان تارىدىن ئىككى تال، پولات سىمدىن قىلىنغان تارىدىن بىر تال جەمئىي ئۈچ تال تارلىق ھالەتتىن، تەدرىجىي ھالدا ئۈستۈنكى ئۈچ قىسمى ئۈزىراپ ئېللىپىس شەكىلگە، دەستىسىگە، يەنى ئاتنىڭ بوينىغا سىمدىن قىلىنغان (مېڭگچە، سىمدىن قىلىنغان تارىغا قاراپلا، دولان راۋابىنى يېقىنقى دەۋرنىڭ مەھسۇلى دەۋېلىش تازا توغرا بولمىسا كېرەك) تارىلار (تارىلار ئاتنىڭ يايلىغا ئوخشىتىلغان) بېكىتىلگەن، قۇلاق ئورنىتىلغان ئەڭ ئۈستۈنكى قىسمى ئاتنىڭ كاللىسىغا تەقلىد قىلىنغان دولان راۋابى بارلىققا كەلگەن. «دولان راۋابىنىڭ قەدىمكى زاماندىكى تارىم، يەكەن دەرياسى بويلىرىدىكى بوستانلىقلاردا ياشىغان دولان قەبىلىلىرىنىڭ قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ مىلادىيە Ⅳ ئەسىردىن خېلى بۇرۇنلا كەڭرى قوللىنىلغانلىقى تارىختا خاتىرىلەنگەن».[13] خوتەندىن ئىنتايىن ئېپتىدائىي، چوڭ ياغاچ قوشۇقا ئوخشاپ كېتىدىغان، ئۈستىدە يۈزلۈكى بولمىغان (بەلكىم چىرىپ تۈگىگەن بولۇشى مۇمكىن) قويچى راۋابى تېپىلغان بولۇپ، بۇ بەرباپنىڭ دەسلەپكى يەرلىك شەكلى بولۇشى مۇمكىن.

دولان رايونلىرىدىن ئاۋات، مارالبېشى ۋە مەكىتتە ئىشلىتىلىۋاتقان دولان راۋابلىرىنىڭ ھازىرقى شەكلىگە سېلىشتۇرۇپ باقسامۇ دەستىسىنىڭ باش قىسمىدىكى ئاتنىڭ باش شەكلىنى قاراپلا بىلەلەيمىز. ئاۋات ۋە مارالبېشىدىكى دولان راۋابىنىڭ شەكلى ئوخشاش بولۇپ، تارىنى يۆگەشكە ئىشلىتىلىدىغان ئۈستۈنكى قىسمىدىكى ئۈچ تال قۇلاقنىڭ ئىككىسى ئات بېشى شەكلىدىكى دەستىنىڭ كۆز ئورنىدىكى ئۈستۈنكى تۆشۈكىنىڭ (سول تەرەپكە ئىككى تال قۇلاق ئورنىتىلغان بولۇپ، يان تەرەپتىن قارىغاندا، ئاتنىڭ كۆزى ۋە بۇرنى ئورنىدىكى تۆشۈككە ئوخشاپ كېتىدۇ) سەل ئۈستىگىرەك ئورنىتىلغان،

قارىماققىمۇ ئاتىنىڭ قۇلىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئاتنىڭ بۇرۇن قىسمى تىكراق قىلىپ چىقىرىلغان.

مەكىتتە دولان راۋابىنىڭ دەستىسىنىڭ ئۇستۇنكى قىسمى ئاتنىڭ باش شەكلىگە تېخىمۇ بەكرەك ئوخشىتىپ ياسالغان. كۆز، قۇلاق ۋە ئېغىزى ئەينەن دېگۇدەك ئويۇپ چىقىرىلغان. تارىسىنى يۆگەپ قويۇشقا ئىشلىتىلىدىغان قۇلاقلىرى (14 تال) ئاۋات ۋە مارالبېشىدا ئىشلىتىلىدىغان دولان راۋابىنىڭ قۇلاقلىرىدەك سەل قوپالراق ياسالماستىن، ئاتقۇچىنىڭ توقمىقى شەكلىدە ئىنچىكە قىرىپ ياسالغان.

**2. دولان قىل غىجەكىدىكى ئاتنىڭ قۇيرۇق قىلى**

دولان قىل غىجەكى جىگدە دەرىخى ياكى يۇلغۇن ھۇررىكىدىن، بۇرۇنلاردا بولسا باراڭغا چۇشكەن كىچىكرەك ۋە شەكلى چىرايلىق (ئۆلچەملىك) قاپاقتىن ياسىلىدىغان بولۇپ، ئاۋۋال ئىچى تەكشى ئويۇلۇپ، قاپاق قىلىنىلىقىدا قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، 70 ~ 80 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قۇبىە شەكىللىك كۆپ خەرەكلىك تومراق دەستە بېكىتىلىدۇ. ئاستى تەرەپتە يوتىسىغا دەسسىتىپ چېلىش ئۇچۇن چىمچىلاق بارماق چوڭلۇقتىكى تۆمۈر ياكى ياغاچتىن قىرىلغان دەستىسى بولىدۇ. ئۇنىڭ تېرە كېرىيدىغان داپ يۈزى غېجەك بېشىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ 10 ~ 14 سانتىمېتىر قىلىنىدۇ، غېجەك بېشى بىلەن قىل تۆشۈكى (قۇلاق) ئارىلىقى 40 ~ 50 سانتىمېتىر، كامانچىسى 60 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ.

غېجەككە تارا ئورنىدا تارتىلىدىغان قىل بىلەن كامانچە قىلىنىڭ توملۇقى پەرقلىنىدۇ. غېجەككە ئات قۇيرۇقى قىلىدىن 40 ~ 45 تال بىرلەشتۇرۇلۇپ بىر تال قىلىپ سېلىنىدۇ. كامانچىگە ئاتنىڭ قۇيرۇق قىلىدىن 55 ~ 60 تال ئىشلىتىلىدۇ. كامانچە قىلىنىڭ غېجەككە سېلىنىدىغان قىلدىن توم بولۇشى تېخنىكىلىق جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، غېجەك ئاۋازىنىڭ

توۋلىنىۋاتقان مۇقام ئاۋازىغا تەڭكەش ھالەتتە ئوبدان چىقىشىغا ناھايىتى ماسلاشقان بولىدۇ.

بەزى تەتقىقاتچىلار غىجەك ئاۋۋال ئىراندا پەيدا بولۇپ، 14 ـ ئەسىرلەردە ئاندىن سەمەرقەنت، بۇخارا ئارقىلىق قەشقەرگە كىرگەن دەپ قارايدۇ.[14] ئەمما دولان مەدەنىيىتى تەتقىقاتىغا ئۆزىنى بىر ئۆمۈر بېغىشلاپ، يېرىم ئەسىرگە يېقىن بۇ ھەقتىكى تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان نوپۇزلۇق تەتقىقاتچى مۇھەممەد ئوسمان ئەمىرى غىجەكنىڭ پەيدا بولۇش ۋاقتىنى چارۋىچىلىق دەۋرى، بولۇپمۇ ئات ئۇستى مەدەنىيىتى دەۋرىگە باغلاپ، مەركىزىي ئاسىيادا بارلىققا كەلگەن، دەپ قارايدۇ ۋە بۇ ھەقتە بىر قىسىم رىۋايەتلەرنى مىسالغا ئالىدۇ.[15] بىر قىسىم تارىخىي ماتېرىياللاردا «سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غىجەكنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى شەكلى بولغان قاپاق غىجەكنىڭ شۇ زامانلاردا بارلىقى ئېيتىپ ئۆتۈلگەن»[16] بولسا، «سۈينامە. مۇزىكا تەزكىرىسى» دە ئاتنىڭ قۇيرۇقىدىن ياسالغان كامانچىلىق غىجەك توغرىسىدا ئىزاھات بېرىلىپ، «بۇ ئاتلىقلار مەدەنىيىتىنى ياراتقان تۈرك خەلقىنىڭ چالغۇسى» دەپ خاتىرىلەنگەن. مانا بۇ پاكىتلار غىجەكنىڭ مىلادىيە VI ئەسىردىلا كەڭرى ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.[17] ھازىر ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئىشلىتىلىۋاتقان خىلمۇ خىل چوڭ ـ كىچىك غىجەكلەرنىڭ ھەممىسى بۇ غىجەكتىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ.

دولان قىل غىجىكىنىڭ ئاساسلىق ئىككى تال تارىسى، ئون نەچچە تال ئەكس سادا تارىسى بولۇپ، سول قولدا پەدە بېسىلىپ، ئوڭ قولدا كامانچە سىيرىش ئۇسۇلى بىلەن چېلىنىدۇ، ئاۋازى گۈزەل ۋە مۇڭلۇق چىقىدۇ. ئات قىلىدىن تارا قىلىنىپ يەنە ئات قىلىدىن قىلىنغان كامانچە ئارقىلىق سۈركەپ (غىرداپ) چېلىنىدىغان بۇ سازنى ئىنچىكە كۆزەتكىنىمىزدە كامانچىنىڭ ئوقيانىڭ ياسىغا ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. يادىن ئوق ئېتىلغاندىن كېيىن، يانىڭ ھايۋانلارنىڭ تېرە ـ پەيلىرىدىن قىلىنغان كىرىچى (يىپى) قاتتىق تەۋرىنىپ، بىر خىل تىترىگەن

بوغۇق، ئەبجەش ئاۋاز چىقىدۇ. دۇنيادىكى نۇرغۇن كەشپىياتلارنىڭ تەقلىد قىلىش، ئۈلگە ئېلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنلىكىنى چەتكە قاقمىغىنىمىزدا ئات ئۇستىدە كېتىۋېتىپ، ياۋغا ياكى ئوۋغا قارىتا ئېتىلغان ئوقيا ئوقىدا تىترەپ ئاۋاز چىقارغان يانىڭ غىجەكنىڭ كامانچىسىنىڭ ۋە ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا غىجەكنىڭ پەيدا بولۇشىنى مول تەسەۋۋۇر بىلەن تەمىن ئەتكەنلىكىنى جەزم قىلالايمىز. يانىڭ تىترىگەن بوغۇق ئاۋازى بەخش ئەتكەن شاھانە ئىلھام ۋە مول بەدىئىي تەسەۋۋۇر شۇ چاغدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك ۋە تۇتىم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن يۈكسەك ھايۋان ئاتنىڭ قىلىدىن ياغا ئوخشاش ئېگىلگەن تاياقنا بېكىتىلگەن يەنە بىر كامانچە (بۇ يەردە غىجەكنىڭ دەسلەپكى شەكلى مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان بولغاچقا بۇ ئىپتىدائىي سازنىڭ ياغا سۈركىلىدىغان يەنە بىر قىسمىنى كامانچە دەپ پەرەز قىلىپ تۇرىمىز) نى ياغا سۈركەپ باققان ئەقىللىق ۋە ئىجادكار ئەجدادلىرىمىز بۇنىڭدىن ئېرىشكەن ئاۋازنى يەنىمۇ ياخشىلاپ، بۇ ئىپتىدائىي سازنىڭ قۇرۇلمىسىنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرسە ئاتنىڭ تاراقلىغان تۇياق ئاۋازىغا قارىغاندا تېخىمۇ رىتىملىق ۋە مۇڭلۇق چىقىدىغانلىقىنى دەسلەپكى قەدەمدە ھېس قىلغان ۋە شۇ بويىچە ئۇرۇنۇپ كۆرۈش، تاللاپ سىناق قىلىش ئارقىلىق غىجەكنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقساق ئەمەلىيەتتىن بەك يىراقلاپ كەتكەن بولمايمىز.

### 3. قالۇندىكى ئات ئوبرازى

قالۇن دولان مۇقاملىرىغا خاس چالغۇ بولۇپ، چەكمە چالغۇلار تۈرىگە كىرىدۇ. قالۇن ئۈجمە ياغىچىدىن ئالدى تار، ئارقىسى كەڭ، سول تەرىپى ئەگرى، ئوڭ تەرىپى تۈز قىلىپ ياسىلىدۇ. ئۇ ئاساسەن پۈتلۈق رامكا ئۈستىگە ياكى تۈز يەرگە ياتقۇزۇلۇپ، ئوڭ قولنىڭ باش، كۆرسەتكۈچ، ۋە ئوتتۇرا بارماقلىرى بىلەن تارىسىنى ئىلىش، سول قولدا گوشتاب (تارا باسقۇچ) ئارقىلىق تارىسىنى

بىسىش ۋە سىيرىش ئارقىلىق چىلىنىدۇ. قالۇننىڭ ئاۋازى يېقىملىق ۋە تېيىلما ئاھاڭلارغا باي.

قالۇننى كۆرۈپ باققانلارغا مەلۇمكى، قالۇننىڭ كەڭرەك كەلگەن تەرىپىنى يەر يۈزىگە تىكلەپ ئۆرە قويغاندا ئۇننىڭ تىوغرا كەسمە يۈزىنىڭ ئات كاللىسىنىڭ شەكلىگە ئوخشايدىغانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلغىلى بولىدۇ. مەكىت، مارالبېشىدا چېلىنىدىغان قالۇنغا قارىغاندا، ئاۋات ناھىيەسىدە چېلىنىدىغان قالۇننىڭ ئاستى تەرىپى ئۇزۇنراق بولۇپ، قالۇن يۈزىدىن سەل كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان تۆت تال مونەكچىنىڭ جايلىشىش ئورنىدىن قارىغاندىمۇ ئاتنىڭ كۆز، بۇرۇن تۆشۈكلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

قالۇننىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلى، شۇ چاغدا تارىسىنىڭ نېمىدە ياسالغانلىقى ھەققىدە ئېنىق ماتېرىياللارغا ئىگە ئەمەسمىز. ئەمما، ئەقىللىق، ئىجادكار ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ مۇزىكا سېزىمى ۋە ئېستېتىك تەلىپىنىڭ يۇقىرىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەڭ ئاددىي بولغان دەسلەپكى شەكلىنىڭ قايتا ـ قايتا ئۆزگەرتىلىشى ۋە تەدرىجىي مۇكەممەللىشىشى، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ئەڭ گۈزەل، يۈكسەك شەيئىي ـ ئات ئوبرازىنىڭ مەلۇم تەرەققىيات باسقۇچىغا كەلگەندە قالۇننىڭ شەكلىگە تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، قالۇننى بۈگۈنكىدەك يايلى شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان (قالۇننىڭ تارلىرى شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان ئات يايلىغا ئوخشاپ قالىدۇ) ئات بېشى ھالەتكە كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ.

دېمەك، قەدىمكى ئۇيغۇر ئېپوسلىرىدا ئىلاھىلاشتۇرۇلغان ئات ئوبرازى ئومۇمەن ياخشىلىق ۋە بەختنىڭ بەلگىسى قىلىنغان. ئەنە شۇ قاراشنىڭ تۈرتكىسىدە بۆرىگە ئوخشاش تۇتېم سۈپىتىدە چوقۇنۇش دەرىجىسىگىچە بېرىپ يەتكەن ئات مەركىزىي ئاسىيالىقلارنىڭ چىۋەر قولى بىلەن شەكىل يارىتىش سەنئىتى (رەسساملىق، كەشتىچىلىك، گىلەم، كىگىز، رەختلەرگە گۈل بېسىش) دىكى مۇھىم سىمۋول قاتارىدا تۈرلۈك تۈرمۇش بۇيۇملىرىدا ئۆز ئوبرازىنى ھەر خىل شەكىلدە نامايان قىلىپ

تۇرغان. يەنە بىر جەھەتتىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 ~ 5 ـ ئەسىرلەرگە تەۋە قەبرىلەردىن ئات، بۇغا، قوي ۋە كېيىك قاتارلىق ھايۋانلار ھەيكىلىنىڭ تېپىلىشى، شۇ دەۋرلەردە ئات ھەيكىلى ۋە ئاتقا تەقلىد قىلىنغان بۇيۇملار (مەسىلەن، ئاتنىڭ بېشىنى ئۈلگە قىلغان ھالدا ياسالغان دولان راۋابىنىڭ، ئاتنىڭ قۇيرۇق قىلىنى ئىشلىتىپ ياسالغان دولان قىل غېجىكى)نىڭ ياسىلىشقا باشلىغانلىقىنى پاكىتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن قارىغاندا، ئاساسلىق دولان چالغۇلىرىدىن دولان راۋابى ۋە دولان قىل غېجىكى مىلادىيە خېلى بۇرۇنلا دولان دىيارىدىكى قەيسەر ۋە ئىجادكار دولان قوۋمىنىڭ چېۋەر قوللىرىدا بارلىققا كېلىپ، پايانسىز قۇملۇق ئوراپ تۇرغان قۇرغاق بوستانلىقلاردا تىنماي ياڭراپ ئۇلارنىڭ قايغۇ ـ شادلىقلىرىغا شاھىد بولۇپ كەلگەن، ئۇلار ئەجدادلىرىنىڭ «ئات ئۇستى مەدەنىيىتى»گە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆز پىسخىكىسى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى، ياشاش مۇھىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىگە ماس ھالدا ئات ئوبرازىغا تولۇق ياكى قىسمەن ۋارىسلىق قىلىش ئارقىسىدا چالغۇلارنى ئىجاد قىلغان.

**ئىزاھاتلار:**

① گەي شەنلىن: «چوغاي (يىڭشەن) تاغلىرى قىيا تاش رەسىملىرى، بېيجىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى 357 ـ بەت.

② مەخسۇت ھېيت: «ئىنسان ۋە ئات»، «شىنجاڭ گېزىتى» ، 1990 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى.

③ چيەنداۋ شىنسى (ياپونىيە) «يىپەك يولىدىكى 99 سىر»«شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 26 ـ بەت.

④ «قىسقىچە برىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيەسى»، خەنزۇچە نەشرى، 736 ـ بەت.

⑤ «تەكلىماكانغا دۆملەنگەن روھ»، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» 2000 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

⑥ «مەركىزىي ئاسىيانىڭ روھىيەت دىيالېكتىكىسى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1999 ـ يىلى، 2 ـ، 3 ـ سان.
⑦ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» (1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىلى نەشرى 67 ـ بەت.
⑧ غەيرەتجان ئوسمان: «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى، 441ـ بەت.
⑨ غەيرەتجان ئوسمان: «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى 438 ـ بەت.
⑩ «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى نەشرى.
⑪ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى، 22 ـ بەت.
⑫ ۋەن تۇڭشۇ: «ئۇيغۇر مۇزىكا تارىخى»، 26 ـ، 54 ـ بەتلەر.
⑬ تۇرسۇنجان لېتىپ: «ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1997 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى، 80 ـ بەت.
⑭ مەملىكەتلىك سەنئەت پەنلىرى بويىچە «9 ـ بەش يىللىق» پىلاندىكى تەتقىقات تېمىسىنى ئىشلەش گۇرۇپپىسى: «دولان مۇقامى ئۈستىدە ئېكولوگىيەلىك ۋە فورماتسىيەلىك تەتقىقات»، مەركىزىي مۇزىكا ئىنىستىتۇتى، 2004 ـ يىلى 11 ـ ئاي نەشرى 123 ـ بەت.
⑮ «ئاۋات تارىخىي ماتېرىياللىرى» (جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى ئاۋات ناھىيەلىك كومىتېتىنىڭ تۈزۈپ باستۇرۇشىدىكى ئىچكى ماتېرىيال، 2004 ـ يىلى 4 ـ ئاي)، «ئاۋات دولان تارىخىدىكى نامايەندىلەر» مۇھەممەد ئوسمان ئەمرى، 143 ـ بەت.
⑯ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن: «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى»، 1993 ـ يىلى نەشرى.
⑰ تۇرسۇنجان لېتىپ: «ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى، 143 ـ بەت.

# توغراق ۋە دولان مەدەنىيىتى

ئىنسانىيەت كونكرېت بىر ماكاندا، كونكرېت بىر مۇھىتتا تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. مىللەتنىڭ پەيدا بولۇش شەرتىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولغان تېررىتورىيە ئومۇملۇقى مەدەنىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئىللىق بۆشۈك بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان مۇھىت ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. دېڭىز بويى رايونلىرىدا دېڭىز ـ ئوكيان مەدەنىيىتى، دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا ساھىل مەدەنىيىتى، ئېگىزلىكتە ـــ تاغ باغرىدا ئېگىزلىك مەدەنىيىتى، يايلاقلاردا يايلاق مەدەنىيىتى، بوستانلىقلاردا بوستانلىق مەدەنىيىتى بارلىققا كېلىدىغان بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان كەڭلىكلەردە ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ. مەدەنىيەت مۇئەييەن جۇغراپىيەلىك دائىرىنى بىرلىك قىلغان ھالدا پەيدا بولىدىغان ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇپ، مۇھىت، كىلىمات، يەر شەكلى قاتارلىقلار شۇ رايوندا ياشاۋاتقان قوۋم، مىللەتنىڭ ئوي ـ پىكرى، تەپەككۇرى، مىجەز ـ خۇلقى قاتارلىقلارغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، شۇ رايونغا ماس مەدەنىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدىمۇ تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. شۇنداقلا، شۇ قوۋم، شۇ مىللەت شۇ رايوندىن كۆچمەي ياشاپ كەلگەچكە، گەرچە ئارىلاشما مەدەنىيەتنىڭ رەڭگارەڭ بوياقلىرى ئاز ـ تولا گىرىم قىلىپ باقسىمۇ، ئاساسەن ئۆز پېتى ساقلىنىپ ۋە داۋاملىشىپ، ھەتتا بېيىپ بارىدۇ (كۆپىنچە ھاللاردا كۆچۈپ كەتسىمۇ ئاساسەن ساقلىنىپ قالىدۇ). بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىدىكى ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە ئۇ ۋەكىللىك قىلغان مىللىي ھېسسىيات، ئۆرپ ـ ئادەت نەزەرىيە جەھەتتىكى ياكى ئەخلاق

جەھەتتىكى ھۆكۈم ئەمەس، چۈنكى ئۇخىل نەرسىلەر ئاسان ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئەمما، ئاشۇ مەدەنىيەت چەمبىرىكىنى دەۋر قىلىپ تۇرىدىغان مەدەنىيەت پىسخىكىسى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، مەدەنىيەت سالاھىيىتىنىڭ ئۇيۇشۇش، ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى پەۋقۇلئاددە تۇراقلىق بولىدۇ ھەم ئۇنىڭ ئورنىنى ھېچ نەرسە ئالالمايدۇ.

مەدەنىيەت يۈزەكى جەھەتتىن، يەنى تاشقى شەكىل جەھەتتىن بىر مىللەتنىڭ كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، ئۆرپ ـ ئادەت، ئولتۇراق ئۆي، قاتناش شەكلى قاتارلىقلارنى، ئەمما تېخىمۇ چوڭقۇر كۆزەتكەندە ئۇ ئوخشاش بولمىغان مىللەتنىڭ، ئوخشاش بولمىغان رايوندىكى كىشىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان قىممەت قارىشى، ئوخشاش بولمىغان ياشاش شەكلىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەمما كىشىلەرنىڭ ياشاش ئېھتىياجى، تۇرمۇش ئادىتى ھەمدە ئىدىيەۋى كۆز قارىشىنىڭ ئىنكاسى بولغان مەدەنىيەت شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش داۋامىدا پاسسىپ ھالدا مۇھتاقا ماسلاشمايدۇ، ئەكسىچە ئىنسانلارنىڭ ياشاش ئېھتىياجىنىڭ تەبىئىي مۇھىت داۋامىدا پەيدا بولىدىغان تۇرلۇك ئاكتىپ رولى ۋە تەسىرىگە ئاساسەن، شۇ ئارقىلىق تەبىئىي ھالىتىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. شۇڭا ئىنسانىيەت پەقەت بىيولوگىيەلىك ھالدا مۇھىتقا ماسلىشىپلا قالماستىن، ئۇنىڭغا تايىنىش ئارقىلىق ياراتقان مەدەنىيەت شۇ ئېكولوگىيەلىك رايوندا ئېكولوگىيەلىك سىستېمىنىڭ ھەرىكىتىگە قاتنىشىدۇ.

ئۇيغۇر دولانلىرىمۇ ئوخشاشلا چۆل ـ باياۋان قورشاپ تۇرىدىغان توغراقلىقتىن ئىبارەت بۇ ناچار ياشاش مۇھىتىدا دولان مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلدى. ئاندىن بۇ مەدەنىيەتكە تايىنىپ ياشاش ماھارىتىنى ئىگىلىدى، تەبىئەت ۋە ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشىدى ھەمدە قاقاسلىق ۋە چۆللۈك ئوراپ تۇرىدىغان ئىچكى دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى بۈك ـ باراقسان توغراقلىقتا بۈگۈنگىچە ياشاپ ۋە ئاۋۇپ كەلدى.

يەكەن دەرياسى بويىغا جايلاشقان مەكىت، مارالبېشى، ئاۋات ناھىيەلىرى دەريا ساھىلىنى بويلاپ تۇتاش كەتكەن قويۇق ئىپتىدائىي توغراقلىقلارغا چۈمكەلگەن بولۇپ، خەرىتىدىن ۋە ياكى ھاۋادىن قارىغاندىمۇ بىر ـ بىرى بىلەن چېگراداش بۇ ئۈچ ناھىيە خۇددى قىيپاش قويۇلغان ئۇندەش بەلگىسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ زېمىندا، ناچار تەبىئىي مۇھىتتا «1000 يىللارچە تىك تۇرۇپ ئۆرۈلمەيدىغان، ئۆرۈلگەندىن كېيىنمۇ 1000 يىللارغىچە قۇرۇپ كەتمەيدىغان، قۇرۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ 1000 يىللارغىچە چىرىمەيدىغان خىسلەتلىك دەرەخ» تەك تەكلىماكان ئويمانلىقىنىڭ ئۆپكىسى، دولان مەدەنىيىتىنىڭ يۇرىكى سۈپىتىدە قەيسەرلىك بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

توغراق — تارىم ئويمانلىقىدىكى ئانا دەرەخلەردىن بولۇپ، بۇنىڭدىن 3000 نەچچە يىللار بۇرۇن رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى قەبرە ۋە باشقا ئاسارىئەتىقىلەر بىلەن بىللە تېپىلغان توغراق ئەۋرىشكىسى، ئىچىگە مېيىت قويۇلغان كوكتەي توغراق غولى قاتارلىقلار بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. توغراق — ئەدرەم توغراق ۋە قاپاق توغراق قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. قاپاق توغراقنىڭ شاخ ـ پۇتاقلىرى ئاستى قىسمىدا ئازراق، ئۈستىدە كۆپرەك كېلىدۇ، غولى تۈز ئۆسىدىغان بولۇپ، يوپۇرماقلىرى قىلىن ۋە يۇمىلاق، ئۈستى بىر قەۋەت كۈمۈش رەڭ تۈس ئالغان بولىدۇ، سۇ ئۈستى ئورنى يۇقىرى ياكى زەيرەك يەرلەردە كۆپرەك ئۆسىدۇ، ئۆمرى ئەدرەم توغراققا قارىغاندا نىسبەتەن قىسقا بولىدۇ. ئەدرەم توغراق ئاستىدىن ئۈچىغىچە قارىغايدەك كۆپ شاخلايدىغان بولۇپ ، يوپۇرماقلىرى ئۈششاق ۋە ھەرە چىشى شەكلىدە بولىدۇ، قېرىغانچە ئاستى قىسمىدىكى شاخلىرى قۇرۇپ، ئۈستى قىسمىدىكى شاخلىرى كۆكلەپ ياشىرىپ تۇرىدۇ. غولىدا قايناپ چىققان ھۆررەكلەر بولىدۇ. ئادەتتە غولى ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، پالتا بىلەن يارسىمۇ ئالدىراپ يېرىلمايدۇ. قۇرغاق، شورلۇق يەرلەردە بوي تارتىپ ئۆسۈۋېرىدىغان بولۇپ، ئۆمرى نىسبەتەن

ئۇزۇن بولىدۇ. توغراقنىڭ ئۇرۇقى كۈز پەسلىدە پىشىپ يەرگە تۆكۈلۈپ، كېيىنكى يىلى (تۆكۈلگەندىن كېيىنكى بىرىنچى يىلى) ھەتتا ئىككىنچى يىلى كۆكلەپ چىقىدىغان ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ئالاھىدە كۈچلۈك. توغراق ئۇرۇقى كۆكلەپ چىققاندىن كېيىن، غولىنىڭ چوڭىيىش سۈرئىتى خېلىلا ئاستا بولىدۇ (نەم يەردىكىسى تېز، قۇرغاق يەردىكىسى ئاستا كۆكلەيدۇ). ئادەتتە ئۆسۈپ ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى يىلىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن سۇغىرىلمىغان، ئوغۇتلانمىغان، پەرۋىش قىلىنمىغان ھالەتتىمۇ ھەرگىز قۇرۇپ قالمايدۇ. توغراقنىڭ ئېگىزلىكى قانچە مېتىرغا يەتسە، يىلتىزىمۇ شۇنچىلىك چوڭقۇرلۇققىچە ئۆسەلەيدۇ، خۇددى خىزىر تىككەن خاسىيەتلىك دەرەختەك قۇملۇقتا مۆجىزە كەبى ياپيېشىل ياشىرىپ تۇرىدۇ.

ئاۋات، مارالبېشى، مەكىت ناھىيەلىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان دولان رايونىدىكى توغراقلىق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى توغراقلىق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان بولۇپ (ئاۋات ناھىيەسىدىكى توغراقلىقنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 1 مىليون 167 مىڭ مو، مارالبېشى ناھىيەسىدىكى توغراقلىقنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 2 مىليون 456 مىڭ 600 مو، مەكىت ناھىيەسىدىكى توغراقلىقنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 370 مىڭ مو، [①] بۇنىڭغا لوپنۇر، شايار ناھىيەلىرىدىكى توغراقلىق كۆلىمى قوشۇلۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى توغراقلىقنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ)، تالاي ئەسىرلەردىن بېرى تەكلىماكان ئېكولوگىيەسىنى تەڭشەش، قۇم ـ بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش، چارۋىلارغا يايلاق، چارۋىچىلارغا ياشاش ماكانى بولۇش رولىنى ئۈن ـ تىنسىز جارى قىلدۇرۇپ كەلدى. بۇ توغراقلىقلار ئارىسىدا 500 يىل، ھەتتا مىڭ يىللىق توغراقلار بولۇپ، ئۇلارنى ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ نەچچە يۈز ھەتتا نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىنىڭ جانلىق شاھىتى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مارالبېشى، ئاۋات، مەكىت

ناھىيەلىرىدە بولسۇن، خارابە، مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى بۇرۇنقى ئىپتىدائىي توغراقلىق ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ[2]، بۇ نۇقتىدىنمۇ ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئۇزاق زامانلاردىن بېرى توغراقلار بىلەن ئىجىل ـ ئىناق ھالدا بىر جان ـ بىر تەن كەبى مۇڭداش، دىلكەش ۋە ھەمدەم بولۇپ ياشاپ كەلگەنلىكىنى؛ دولان مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت توغراقلار ئارىسىدىن توغراق نوتىلىرىدەك كۆكلەپ چىققان، ھەمدە توغراقلارغا ۋە ئۇيغۇر دولانلىرىغا جان ئاتا قىلىپ، ئۆز ئارا جەڭدىكى سەپداشلاردەك مۇرىنى ـ مۈرىگە تىرەپ جاپا ۋە ھالاۋەتتە بىرگە بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە جاھان ئەھلىگە تەڭ تونۇلۇۋاتقانلىقىنى شەكسىز كۆرۈۋپ يەتكىلى بولىدۇ.

دېمەك، ئۆز ئارا بىر ـ بىرىگە تۇرتكە بولۇپ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ، بىر ـ بىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بۈگۈنكىدەك مۇكەممەل مەدەنىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن توغراق مەدەنىيىتى ۋە دولان مەدەنىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ ۋە توغراقلاردەك قويۇق بولۇپ، ئوڭ تاناسىپلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە.

**1. دولان مەدەنىيىتىدە توغراق ئامىلى**

دولان مەدەنىيىتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولغىنىدەك، توغراق مەدەنىيىتىمۇ بوستانلىق مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. بىپايان توغراقلىقنىڭ ئىللىق قوينىدا توغراقلاردەك قوپال، تۈز، ئوچۇق ـ يورۇق، مېھماندوست، باتۇر ـ قەيسەر، مەردانە مىجەز ـ خاراكتېر يېتىلدۈرگەن ئۇيغۇر دولانلىرى تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە سەنئەتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە چوڭقۇر سىڭگەن توغراق مەدەنىيىتىنى ياراتقان.

تۇرمۇشتىكى ئىپادىسى: ئۇيغۇر دولانلىرى ئەڭ دەسلەپتە يەرگە گەمە كولاپ ئولتۇرغان بولۇپ، گەمىنىڭ ئۈستىنى توغراق ياغاچلىرى ۋە شاخ ـ شۇمبىلىرى بىلەن ياپقان، يىرتقۇچ ھايۋانلار نىسبەتەن كۆپ جايلاردا بولسا، بىر قانچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى

توغراق ئۈستىگە ئەپچىللىك بىلەن ئۆي سېلىپ ئۆلاردىن پاناھلانغان. كېيىن بارا - بارا توغراق شاخ - شۇمبىلىرى بىلەن قوشامداپ، لاي بىلەن سۇۋاپ، ئۈستىنى توغراق جەگىلىرى بىلەن يېپىپ شارائىتى بىر قەدەر ياخشى بولغان ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىرگەن. بۇنىڭ بىلەن ئائىلە سايمانلىرىمۇ تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان. چويۇندىن قازان قۇيغان، ئۇنىڭدىن باشقا، چۆمۈچ، قوشۇق، تەگنە، داس، ئەمبەل، پەشخۇن، تاختا - نوغۇچ، قاچا - ئاياغ، مالتاق (چېلەك)، نەرسە - كېرەك قاچىلاشقا ئىشلىتىلىدىغان ساندۇق (بۇ خىل ساندۇقنىڭ شېلىنى بىر - بىرىگە يېپىشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەتكەن مىخمۇ ياغاچتىن ياسالغان)، ئىچىگە ئاشلىق ۋە باشقا نەرسىلەرنى سالىدىغان كات ساندۇق. . . قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى توغراق ياغىچىدىن ياسىغان.

ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىپادىسى: ئۇيغۇر دولانلىرى ئۆز رىزقىنى پايانسىز توغراقلىق ئارىسىدىن تېپىپ ئوۋچىلىق، بېلىقچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ياشاپ كەلگەن بولۇپ، دەرياغا كەلكۈن كەلگەندە سۇ يېيىلىپ چىقىپ قالىدىغان توغراق ئارىسىدىكى تۈزلەڭلىكلەردە دېھقانچىلىقمۇ قىلغان. بۇ خىل دېھقانچىلىق شەكلىگە ئارتۇقچە كۈچ كەتمەيدىغان بولۇپ، ئۇرۇقنى چېچىپ قويۇپ، زىرائەت ئۈنگەندىن كېيىن پەرۋىشمۇ قىلمىغان. چىرىگەن توغراق غازاڭلىرى ۋە باشقا ئوت - چۆپلەر چىرىپ، ئۆزلۈكىدىن ئوغۇتلىنىپ، زىرائەتلەر پىشقاندىن كېيىن ئولاش - چولاش كېلىپ يىغىۋالغان. ئاددىي ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا ئۇلار بىر قىسىم قورال - سايمانلارنى ئىشلەتكەن بولۇپ، توغراق، يۇلغۇن تاللىرىدا توقۇلغان سېۋەت، توغراق ياغىچىدا ياسالغان قوش، سۆرەم، غالتەك ھارۋا قاتارلىقلار بىلەن بىرگە يەنە جىگبو، جاۋەن، ئىگەر قاتارلىقلارمۇ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە سەپەرلەردە ئىشلىتىلگەن.

ھۈنەر - سەنئەتتىكى ئىپادىسى: نىسبەتەن بېكىك، خىلۋەت مۇھىتتا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر دولانلىرى ھۈنەر - سەنئەت

ئىگىلەشكە ئەھمىيەت بەرگەن. بىر ئادەم بىر قانچە خىل ھەتتا سەككىز ـ ئون خىل ھۈنەرنى ئىگىلىگەن. ھۈنەرگە كامىللىقى تەبىئىي ھالدا ھۈنەردە ئىشلىتىلىدىغان سايمان ـ جابدۇق ۋە ئەسۋابلارنىڭ تۈرلىرىنى بېيىتقان. بوياقچىلىقتا ماتاغا گۈل بېسىشتا ئىشلىتىلىدىغان قېلىپ، چاق، كىگىزچىنىڭ يۈك ئاتىدىغان دۈكان ۋە توقمىقى، قاسساپنىڭ دۆشە ۋە كانارلىرى ئاساسەن توغراق ياغىچىدىن ياسىلىپ كەلگەن.

ئۆرپ ـ ئادەتلەردىكى ئىپادىسى: توغراق ياغىچىدىن ياسالغان ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ، قۇرۇپ قاقشال بولغان توغراق ئوتۇنلىرىنى قالاپ ئىسسىنىپ، توغراق ياغىچىدىن ياسالغان هارۋىلاردا (چاقى سۆگەت ياغىچىدىن ياسىلىدۇ) سەپەر قىلىپ ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ رىشتى توغراققا چىڭ چىگىلگەن ئۇ ئالەمگە كەتكەندىن كېيىنمۇ ئايرىلغۇسى كەلمىگەندەك، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە كاۋاك توغراق غولىغا مېيىتنى خۇددى بۆشۈككە بۆلۈگەندەك بۆلەپ، يەرلىككە قويىدىغان، توغراق ياغاچلىرىنى قول بارماقلىرىدەك كىرىشتۈرۈپ، ئۈستى تار، ئاستى كەڭرى ساندۇقتەك قىلىپ ياساپ مېيىتنى دەپنە قىلىدىغان ئادەتلەر بولغان. بۈنى بىز ئاۋات ناھىيەسىنىڭ سەردار گۈمبىزى، مەكىت ناھىيەسىنىڭ يانتاق يېزىسى، قۇم مازار قەبرىستانلىقىدىكى ياغاچ تاختىلىق قەبرىلەر[3] دىن تولۇق ھېس قىلالايمىز. ئۇندىن باشقا مېيىتنى يەرلىككە قويۇشتا ئىشلىتىلىدىغان تاۋۇتلارمۇ توغراقتىن ياسالغان بولۇپ، خېلى ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان تاۋۇتلارنى ھازىرمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

ئوۋچىلىق جەھەتتىكى ئىپادىسى: يەكەن دەرياسىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر دولانلىرى مۇھىتقا ماسلاشقان ياشاش شەكلىنى تاللىغان. قويۇق توغراقلىق، چاتقاللىق ۋە سازلىقلار بىلەن ئورالغان بۇ زېمىن ئۇيغۇر دولانلىرىغا تەبىئىي ھالدا ئوۋچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن ياشاشتەك ئىگىلىك شەكلىنى بەخش ئەتكەن بولۇپ، بۇك ـ باراقسان

توغراقلىقلار ۋە توغراقلىق ئارىسىدىكى سازلىقلار ئۇيغۇر دولانلىرى ياقتۇرۇپ يەيدىغان ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئارامبەخش ماكانى بولغاچقا، ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ كۆندىلىك ئوزۇقى، رىزقى ـ نېسىۋىسى توغراقلىقلارغا تەبىئىي ھالدا باغلىنىپ كەتكەن. شۇڭا، ئۇيغۇر دولانلىرى توغراقلارنى ئۆز رىزقى — نېسىۋىسىنىڭ زاپاس ئىسكىلاتى سۈپىتىدىن بولسۇن ۋە ياكى بۇرۇنقى ئەجدادلىرىدىن قالغان تۇتېم ئېتىقادچىلىقى دەۋرىدىكى دەرەخلەرگە چوقۇنۇش ئادىتى تۈپەيلىدىن بولسۇن، مەيلى «ئوغۇزنامە» داستانىدىكى دەرەخ كاۋىكىدىن تۆرەلگەن قىز سۈرىتى بولسۇن، زىيادە ئۇلۇغلاپ كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ كەلگەن.

تېبابەتچىلىك جەھەتتىكى ئىپادىسى: بۇرۇنقى ئۆلۈم تەھدىتى پۇراپ تۇرىدىغان چۆل ـ جەزىرە، بىپايان قۇملۇقتىكى ئەلۋەك بوستانلىق ـ توغرازارلىق ئارىسىدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر دولانلىرى كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاشتا يەنىلا ئۆزگە ئەڭ تونۇشلۇق بولغان توغراقلاردىن پايدىلانغان. «توغراق سۈيىنى ئىچسە يۈز ياشقا كىرەر» دېگەن ئاتىلار سۆزى بويىچە غولى ئادەم بېلىدەك ۋە ئۇنىڭدىنمۇ يوغان توغراقلارنىڭ بىرەر مېتىر ئېگىزلىكتىكى يېرىگە ئۈشكە قويۇپ تېشىپ، قاپاق ئېسىپ قويغان. كۆز يېشىدەك سىرغىپ ئۈچ ـ تۆت كۈندە توغراق سۈيىگە توشقان قاپاقنى ئېلىپ كېتىپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشتىكى شىپالىق دورا قاتارىدا ئىچكەن. شۇڭا، ئادەتتە دولان رايونىدا 80 ~ 90 ياشلارغا كىرىپمۇ ياشلاردەك تېتىك يۈرىدىغان بوۋاي ـ موماي لارنى «توغراق سۈيى ئىچكەن» دەپ قويىدىغان ئادەت بار. توغرىغا — توغراق غولىدىن ئاجرىتىۋېلىنىدىغان بىر خىل ماددا بولۇپ، دولانلىقلار ئاساسلىقى خېمىرنى بولدۇرۇش (ئېچىتقۇ) ئۈچۈن ئىشلىتىش بىلەن بىرگە، بەزى كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈنمۇ پايدىلىنىپ كەلگەن.

مىجەز ـ خاراكتېر جەھەتتىكى ئىپادىسى: يۇۋاش، مۇلايىم، قەيسەر، ئاددىي ـ ساددا، پاكىزلىقى بىلەن مىننەتسىز، تەمەسىز ھالدا ئاز ئېلىپ كۆپ بېرىدىغان، مېھماندوست، قىزغىن ئۇيغۇر

دولانلىرىنىڭ بۇ ئېسىل پەزىلەتلىرى ئېنىقكى «مال ئىگىسىنى دورىمىسا هارام» دېگەندەك، ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ سىمۋولى بولغان، بوران ـ چاپقۇنلارغا باش ئەگمەيدىغان، چىدامىلىق ۋە ئانا زېمىنغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان تەۋەررۈك توغراقلاردىن كەلگەن ھەمدە توغراق مەدەنىيىتى ۋە دولان مەدەنىيىتىنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان تەسىرى داۋامىدا مۇكەممەللىشىپ بارغان.

**2. ئۇيغۇر دولانلىرى نەزىرىدە توغراق**

يەكەن دەرياسىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىن ئىبارەت بېكىك ۋە خىلۋەت مۇھىتتا بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ ئېيتقىنىدەك بەش ـ ئالتە يۈز يىل ئەمەس، بەلكى بىرەرمىڭ يىلدىن بېرى نىسبەتەن تىنىچ، خاتىرجەم ياشاپ، خۇشاللىق ـ سۆيۈنچلىرىنى، دەرد ـ ئازابلىرىنى توغراقلارغا ئىزهار قىلىپ، ئۇۋدىن كېيىنكى مول هوسۇل شادلىقلىرىنى ناخشا تەنتەنىسى، ئۇۋچىلىق جەريانىدىكى هەرىكەتلىرىنى ئۇسسۇل قىلىپ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىپ كەلگەن ئۇيغۇر دولانلىرى ئۆزىنىڭ ئەك «يېقىنى» بولغان توغراقلارنى تەبىئىي هالدا كۆي ـ غەزەللىرى — دولان مۇقاملىرىغا قوشۇپ تولۋالاپ كەلگەن.

خەق بۇ يەرنى چۆل دەيدۇ،
چۆل ئەمەس بازار ئىكەن.
توغرىقى ئالمىغا ئوخشاش،
يۇلغۇنى مازار ئىكەن.[④]

ئالما شاخى شاخلايدۇ،
قاپاق تېرەك شاخلايدۇ.
يوغان توغراق تۈۋىدە،
يارىم ئالما ساقلايدۇ.[⑤]

بىز توغراقلار بايانىدىكى باشقا قوشاقلارنى قويۇپ تۇرۇپ، بۇ ئىككى قوشاقنىڭ ئۆزىنىلا تەھلىل قىلىپ باقايلى. بىرىنچى قوشاقنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى نىسبەتەن ئۇزۇن بولۇپ، ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ يەكەن ۋە تارىم دەرياسى بويىغا كۆچۈپ كەلگەن دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى قوشاق بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلىنىشقا بولىدۇ. تىنچ، خىلۋەت ۋە مۇنبەت دەريا ساھىلى بويىغا ئۇلاشقان ئۇيغۇر دولانلىرى بۇ يېڭى ماكاندىن چەكسىز شادلانغان ھەمدە كۆز پەسلىدە ياپراقلىرى قىزىرىپ ناھايىتى گۈزەل تۈسكە كىرىدىغان توغراقلار ئۇلارنىڭ ئېڭىدا ئالما دەرىخىگە ئوخشاش مېۋە بېرىدىغان گۈزەل دەرەخ سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن (بەلكىم ئۇلار ئالما . . . قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر بولۇق ئۆسىدىغان جايلاردىن كۆچۈپ كەلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن). ئىككىنچى قوشاقتا بولسا، توغراقلار ئەتراپىنى ماكان قىلغان ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ گۈزەللىك قاراشلىرى، ھۆرمەت ـ ئېتىقادى، سۆيگۈ ـ مۇھەببىتى . . . قاتارلىقلار توغراققا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئۇزۇن تارىخىنىڭ شاھىدى بولۇپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ سۆيگۈ مۇھەببىتىدىكى تالاي پىنھان سىرلارنىڭمۇ جانلىق گۇۋاھچىسى ئىكەنلىكىنى قىينالمايلا بىلىپ يېتەلەيمىز.

«يېنىڭدا كىم بولسا چىرايلىقىڭ شۇ، بېشىڭنى كىم سىلىسا ماشايىقىڭ شۇ» دېگەن ھېكمەت ئۇنچىلىرىنى خېلى بۇرۇنلا قەلب دەپتىرىگە «خەتلەپ» ئۇلگۇرگەن ئەجدادلىرىمىز ئۆيىگە تۇۋرۇك بولۇپ تىرەپ تۇرۇۋاتقان، قىش كۈنلىرى ئوچاقتا گۇرۇلدەپ كۆيۈپ قەلبىگە تاتلىق ھېسلارنى بەخش ئېتىۋاتقان توغراقلارنى ھەرقاچان ھەر زامان تىلىدا زىكرى قىلىپ تۇرۇش بىلەن بىرگە مول ھوسۇل مەشرىپى، ئوۋ مەشرىپى، گۈلخان مەشرىپى. . . قاتارلىق مەشرەپلەرنى ئېتىز ـ ھويلىلىرىغا تۇتاش كەتكەن توغراقلار ئارىسىدا چەكسىز ئىشتىياق ۋە ھاياجان بىلەن ئۆتكۈزۈپ، توغراق مەدھىيەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەزەل كۈيلىرىنىڭ ئەۋجىنى توغراقلار ۋە پايانسىز بارخانلاردىن ھالقىتىپ كەلگەن.

ئىستىتىك چاغقاشلىرىنى دولان مۇقاملىرى بىلەنلا قاندۇرۇپ قالماي ئەجدادلىرىدىن ئۇدۇم قالغان، شۇنداقلا دولان مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولغان شەكىل يارىتىش سەنئىتى (نەققاشلىق ۋە رەسساملىق) ئىجادىيەتلىرىدىمۇ بۇ نۇقتىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ كەلگەن. تۈرلۈك مەنزىرە رەسىملەر ۋە نەققاشلىقتا توغراق پورترېتى نامايان قىلىنغان بولۇپ، هويلا ئىچى ۋە هويلا ئەتراپلىرىدىلا ئەمەس، ئۆي ئىچىدىكى بىساتـ جاھازىلاردىمۇ ھەرخىل شەكىل ۋە ئوبرازلاردا جۇلالىنىپ تۇرغان. توغراق قوۋزاقلىرى ۋە توغراقتىن ئېلىنىدىغان توغرىغا يەنە ئۆز نۆۋىتىدە بوياق ماتېرىيالى ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلگەن.

ئۇيغۇر دولانلىرى ئەڭ بۇرۇن ئورمان ئاسراش قانۇنىنى يولغا قويغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى سۈپىتىدە شەھەرلىشىش ۋە مەدەنىيلىك دەۋرگە بالدۇر قەدەم قويغان بولۇپ، ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت ساپاسى ئۇلارنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيىتىگىمۇ بالدۇر قەدەم تاشلىشىغا تۈرتكە بولغان. ئۇيغۇر دولانلىرى توغراقلاردىن تۈرلۈك ئېھتىياجلىرىغا قارىتا مۇۋاپىق پايدىلىنىش بىلەن بىرگە، ئۆزىنى «بېقىنۋاتقان» توغراقلارنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ كەلگەن. توغراقلارنى قالايمىقان كەسمىگەن، ئوتۇن قىلىشقا توغرا كەلگەندە قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەنلىرىنى ئىشلەتكەن، كەلكۈن سۇلىرىمۇ تەستە چىقىدىغان توغراقلىققا كەلكۈن پەيتىنى چىڭ تۇتۇپ، چوڭ ـ كىچىك تۇغلارنى ياساپ سۇغىرىپ تۇرغان. توغراقلارنىڭ ياشاش قانۇنىيىتىنى كۆزىتىپ ۋە ئىگىلەپ، ئاسراشنى، ئاۋۇتۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان. يۇمران كۆچەتلەرنى كەسسە، ئوشتۇسا، ئېگىپ تاشلىسا يامان بولىدۇ؛ ياغاچ ئۇۋاقلىرىغا سىيسە ياكى دەسسىسە يامان بولىدۇ؛ دەرەخلەرنىڭ قوۋزىقىنى سويۇۋەتسە، تىغ بىلەن ئەن سېلىپ قويسا يامان بولىدۇ؛ يالغۇز، چوڭ دەرەخلەرنىڭ تۈۋىگە تەرەت قىلسا، شاخلىرىغا كىر يايسا، يىلتىزىغا يۇندا تۆكسە يامان بولىدۇ قاتارلىق ئۇيغۇر دولان مەدەنىيىتىدىكى ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەت

مەدەنىيىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بىر قاتار ئەجايىپ «يامان بولىدۇ» لار بىلەن باغ ـ ئورمان ئەھيا قىلىش، مۇھىت ئاسراش ئېڭىنى داۋاملىق تولۇقلاپ ۋە بېيىتىش بىلەن بىرگە ياشاش ئېھتىياجلىرىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە لايىقىدا ئىشلىتىش ئاساسىدا توغراق مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە ئۈزۈكسىز بېيىتىپ بارغان. بارا ـ بارا بۇ توغراق مەدەنىيىتى دولان مەدەنىيىتىگە يېڭى قان بولۇپ قۇيۇلۇپ، تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش، ھۈنەر ـ سەنئەت، ئۆرپ ـ ئادەت، ئوۋچىلىق، تېبابەتچىلىك جەھەتلەردىن دولان مەدەنىيىتىنىڭ مۇكەممەللىشىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

**ئىزاھاتلار:**

① «دولان مۇقامى ئۈستىدە ئېكولوگىيەلىك ۋە فورماتسىيەلىك تەتقىقات»، مەركىزي مۇزىكا ئىنستىتۇتى نەشرىياتى 2004 ـ يىلى 11 ـ ئاي نەشرى، 13 ـ، 14 ـ بەتلەر.

② مۇھەممەد ئوسمان ئەمرى: «ئاۋات ناھىيەسىنىڭ تارىخي ئۆزگىرىشلىرى»؛ ئاۋات ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىنىڭ مەسئۇللۇقىدا تۈزۈپ بېسىلغان «ئاۋات تارىخي ماتېرىياللىرى» 1 ـ قىسىم (ئىچكى ماتېرىيال)، 54 ـ 82 ـ بەتلەر؛ ئادىل مۇھەممەد تۇران: «مەكىت تارىخ ـ مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى، 2 ـ قىسىم، 845 ـ 871 ـ بەتلەر.

③ مۇھەممەد ئوسمان ئەمرى: «ئاۋات ناھىيەسىنىڭ تارىخي ئۆزگىرىشلىرى»؛ ئاۋات ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىنىڭ مەسئۇللۇقىدا تۈزۈپ بېسىلغان «ئاۋات تارىخي ماتېرىياللىرى» 1 ـ قىسىم (ئىچكى ماتېرىيال)، 69 ـ بەتلەر؛ ئادىل مۇھەممەد تۇران: «مەكىت تارىخ ـ مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى 2 ـ قىسىم، 867 ـ 869 ـ بەتلەر.

④ مۇھەممەد ئوسمان ئەمرى: «ئاۋات دولان مەدەنىيىتىدىكى تارىخىي نامايەندىلەر»؛ ئاۋات ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىنىڭ مەسئۇللۇقىدا تۈزۈپ بېسىلغان «ئاۋات تارىخىي ماتېرىياللىرى» (ئىچكى ماتېرىيال) 4 ـ قىسىم، 114 ـ بەت.

⑤ ئاۋات ناھىيەلىك خەلق ئەدەبىياتى توپلاملىرى تەھرىر ھەيئىتى تۈزگەن «ئاۋات خەلق قوشاقلىرى» (ئىچكى ماتېرىيال)، 1993 ـ يىلى 9 ـ ئاي، 182 ـ بەت.

## «چارۇق قوۋم» مەشرىپى توغرىسىدا

مىلادىيە 840 ـ يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ تاشقى قەبىلىلىرىدىن بولـ-ـغان ياغمىلار ۋە قارلۇقلار... قاراخانىيلار دۆلىتىنى قۇردى... قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى تەركىبىدە كۆك ئارت ئۇيغۇرلىرى (ياغمىلار ۋە قارلۇقلار) دىن باشقا، يەنە قارلۇقلاردىن ئايرىلىپ چىققان چىگىل، باسمىل، توخسى، چارۇق، چۇمۇل، تۈركەش، قىرغىز قەبىلىلىرىمۇ بار ئىدى.[1]

چارۇقلار 10 ـ ئەسىرلەردىن بۇرۇنلا ھازىرقى دولان رايونلىـ-ـرىدا ياشاپ كەلگەن بولۇپ، بۇ ھەقتە يىتۈك تىلشۇناس، ئاتاقلىق ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مەلۇمات بېـ-ـرىپ: «‹چارۇق› تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى، ئۇلار بارچۇق شەھـ-ـرىنىڭ يېنىدا ياشايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.[2] بىر قىسىم تەتقىقات-ـچىلار دولان مەشرىپىدىكى دولان ئۇسسۇلى مەنبەسىنىڭ تەڭرىتاغ، قاراقۇرۇم ۋە ئالتۇنتېغى جۇملىدىن گۇما ناھىيەسىنىڭ سانجۇ كەنتىدىكى قاراقۇرۇم تېغى، مورى، قورغاس ناھىيەلىرىدىكى جىلـ-ـغا ۋە تاغ تاشلىرىغا سىزىلغان يېشى تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت قىيا تاش رەسىملىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئوۋچىلىق ھەرىكەتلىـ-ـرىدىن كەلگەن دەپ قارايدۇ.[3] «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تىلغا ئېـ-ـلىنغان بارچۇق دۆلىتىنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى بولغان چارۇق قوۋمى شۇ چاغلاردىن باشلاپلا بارچۇق (مارالبېشى) ئەتراپلىرىدا ھازىرغا قەدەر باشقا جايغا كۆچۈپ كەتمەي ئەسلىي ئانا ماكانىدا ياـ-ـشاپ كەلگەن. ئۇيغۇر دولانلىرى ھەققىدە تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمانوف تىل تەكشۈرۈش داۋامىدىكى ئىگىلىگەنلىرىنى مۇنداق يازىدۇ: «... دولانلار ئۆزلىرىنى بىر ياقتىن كەلگەنمۇ دېمەيدۇ، بەلـ-

كى ئۆزلىرىنىڭ قەدىمدىن شۇ يەرلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ. مەسىلەن، ئاقسۇ دولانلىرى ‹دولانلارنىڭ ئەسلىي ماكانى ئاقسۇ قارىتالدىكى قەدىم ئايماق يېزىسى. ئاقسۇ ئاۋات، ئاقسۇ غوروچۆل، مارالبېشى ۋە مەكىتلەردىكى دولانلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردىن تارالغان› دەيدۇ.»[④]

ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارىخ تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى لى شۇخۇي «ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئەجدادلىرى ئوغۇزلارنىڭ قىنىق ئۇرۇقى، ياغما ئۇرۇقى، بولاق ئۇرۇقى، چارۇق ئۇرۇقى قاتارلىق ئۇرۇقلىرىدىن كېلىپ چىققان دەپ قاراپ، دولانلارنىڭ يىلتىزىنى بىۋاسىتە ھالدا چارۇقلارغا باغلاپ چۈشەندۈرسە[⑤]، دولان مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىسى، يازغۇچى مۇھەممەد ئوسمان ئەمرى ئەپەندىمۇ چارۇقلارنى دولان قەبىلىلىرىنىڭ بىرى دەپ قارايدۇ ۋە يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنداق كۆرسىتىدۇ: «چارۇقلارنىڭ ھازىرقى ياشاۋاتقان ئورنى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى يېزىلىرىنىڭ ئاۋات ناھىيەسى ۋە چۆللۈككە بۇرۇنقى چاغلاردا تۇتاش كەتكەن ‹قاراتال›غا جايلاشقان بولۇپ، بۇ جاينىڭ نامى ‹چارۇق قوۋم› ۋە يەنە ‹قاراتال› دەپ ئىككى خىل نام بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. بۇ ناملاردىن ئاۋۋالقىسى ‹چارۇق قوۋم› بولۇپ، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش تۈپەيلى تەدرىجىي ‹چۇر-قۇم، چۆرە قۇم› دەپ خاتا ئۆزلىشىپ قالغان (‹چارۇق قوۋم› دېگەن بۇ سۆزنىڭ چاغاتايچە يېزىلىشىمۇ زىر ـ زەۋەرسىز ھالەتتە ‹چارۇق قوۋم› شەكلىدە بولۇپ، بۇمۇ خاتا تەلەپپۇز شەكلىنىڭ ئومۇملىشىپ قېلىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى.) ھازىر بۇ چۇرقۇم دېگەن نام قەدىمكى بەگ ئوردىسى جايلاشقان دولان كەنتىنىڭ نامى بولۇپ كەلمەكتە.»[⑥]

ئاقسۇ دەرياسى جۇغراپىيەلىك ئورنى جەھەتتىن دەريا ئورنىنىڭ غەربىي شىمالى ئېگىز، شەرقىي جەنۇبى پەس بولغاچقا، تارىختا ئەسلىدىكى ئورنىدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ، داۋاملىق يۆتكىلىپ تۇرغان. بۇنىڭدىن 200 يىللار بۇرۇنقى بىر قېتىملىق يۆتكىلىشتە

دەريا ئورنى چارۇق قوۋمىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى كەنتلەرنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئىككىگە ئايرىۋەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن تۈركچە «پارچىلانغان» دېگەن مەنىدىكى «قاراتال» سۆزى بىلەن ئاتىلىشقا باشلىغان بولۇپ، هازىرغىچە بۇ نام چارۇق قوۋمىنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ كەلگەن. دەريانىڭ غەربىي جەنۇبى تەرىپىدە قالغان ئاهالىلەر ئولتۇراقلاشقان كەنتمۇ ئوخشاشلا «قاراتال» مەهەللىسى دەپ ئاتىلىپ، ئاۋات ناهىيەسىنىڭ زېمىن دائىرىسىگە ئۆتۈپ كەتكەن.

بارچۇق بەگلىكى ئەينى زاماندا ئاقسۇ دەرياسىنىڭ قۇمباش دەرياسى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن هازىرقى ئاۋات ناهىيەسىنىڭ شىمالىدىكى كونا دەريانىڭ جەنۇبىدىن تارتىپ تاكى مەكىت ناهىيەسى دائىرىسىگە قەدەر بولغان كەڭرى بوستانلىقتا ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. باشقۇرۇش جەھەتتە بارچۇق ئىككى بەگلىككە ئايرىلىپ باشقۇرۇلۇپ، پىچاق سۇندىنىڭ ئاللاۋەدىدىن مەكىتكىچە بارچۇق بەگلىكىگە، شاقۇر، ئاللاۋەدى دېگەن جايدىن تاكى ئاقسۇ كونا دەرياسىغىچە دولان دۇچىن بېگىگە قارىغان، ئەمما ئومۇمىي جەھەتتە يەنىلا بارچۇقنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، ئاهالىلىرىمۇ دولانلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، دۇچىن دولانلىرى يەكەن دەرياسى ۋادىلىرىدىكى بوستانلىقتا شەھەر، يېزىلارنى بىنا قىلغان. بارچۇقنىڭ شەرقىي شىمال چېگراسىدىكى ئاقسۇ دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپى چارۇق (چارۇق قوۋم)لارنىڭ ماكانى بولۇپ، ئۇلار بارچۇق زېمىنىغا تەۋە جاينىڭ يېنىدا، يەنى دەريانىڭ ئۇ قات تەرىپىدە ئولتۇراقلاشقاچقا، مەهمۇد كاشغەرىي مۇشۇ جەھەتلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، چارۇقلارنى بارچۇقنىڭ يېنىدا ياشايدۇ، دېگەن بولۇشى مۇمكىن، تەخمىنەن 15 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە، دولان زېمىنىدا يۈز بەرگەن تۈرلۈك ئۆزگىرىش تۈپەيلى، بارچۇق بەگلىكى پىچاق سۇندىنىڭ ئاللاۋەدى دېگەن جايىدىن باشلاپ هازىرقى ئاۋات ناهىيەسى تەرەپكە قارىيالماس، ئىگىدارچىلىق قىلالماس بولۇپ قالغان. بۇنىڭ سەۋەبلىرى: بارچۇق دۇچىن دولانلىرى (ياغاچ ئۆيلۈك، ياكى 72 مىڭ ئۆيلۈك دولان دەپ ئاتالغۇچىلار) نىڭ يۇرت ۋە مەهەللىلىرى ئاسا-

سەن دەريا ۋادىلىرىدا بولۇپ، ئاقسۇ دەرياسى، قەشقەر (قاراقىر- چىن) دەرياسى، يەكەن دەرياسى، خوتەن دەرياسى قوشۇلۇپ خالىغان تەرەپلەرگە ئېقىپ ئاخىرى يەنىلا بىر جايدا قوشۇلىدىغان ھەيۋەت- لىك دەريالار ئىدى. ئەينى زاماندا ئاقسۇ دەرياسى غەرب تەرەپ بىلەن ساي بويلاپ ئېقىپ ئايىغى «ئەشمە كۆل» بىلەن قەشقەر دەرياسىغا قوشۇلۇپ، كەلكۈن ۋاقتىدا تاشقىن سۇلار يەكەن دەرياسىغا قۇ- يۇلاتتى. شۇنىڭ بىلەن كۆپلىگەن شورلۇقلار قېنىپ، دولانلارنىڭ يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن قولايلىق شارائىت يارىتىلغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاقسۇ دەرياسىنىڭ قىنى تىنىپ، ئەسلىي ئورنىنى تاشلاپ شەرقىي ئويمانلىقتا قاراپ بىر قانچە قېتىم كۆچۈش جەريا- نىدا دەريا يىراقلىشىپ كېتىپ، سۇ مەنبەسى ئۈزۈلۈپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئاھالىلەر بارغانسېرى سۇ قوغلىشىپ بارچۇق ئەترا- پىغا توپلىشىپ، ئەسلىدىكى جايلىرىدىن ۋاز كەچكەن. بولۇپمۇ يە- كەن دەرياسى ناھايىتى ئەن دەريا بولۇپ، دولان زېمىنىنىڭ تۇپراق- لىرى يۇمشاق شورلۇق بولغاچقا، تارام - تارام تارماق دەريا ھاسىل قىلىپ، ئارالچىلار پەيدا قىلاتتى ۋە مەھەللىلەرنى پارچىلايتتى. دەريادىن ئۆتەلمەي ئارالچىلارغا قاپسىلىپ قېلىش ھادىسىلىرى دائىم دېگۈدەك يۈز بېرىپ تۇراتتى. شۇ سەۋەبتىن دولان زېمىنى- نىڭ شەرقىي شىمالى، يەنى ھازىرقى ئاۋات ناھىيە زېمىنىنى دەر- يالار مارالبېشى زېمىنىدىن ئايرىۋېتىپ، مارالبېشى (بارچۇق) دى- كىلەرنىڭ دەريادىن ئۆتۈپ شىمال تەرەپتىكىلەر بىلەن باردى - كەلدى قىلىش، باشقۇرۇپ ئىگىلەپ تۇرۇش شارائىتىدىن مەھرۇم قالدۇرغانلىقى ئۈچۈن، نائىلاج ئاقسۇنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتۈپ كې- تىپ، ھازىرقى ئاۋات ناھىيەسى ئاقسۇنىڭ يېرىم چارۋىچىلىق، يېرىم دېھقانچىلىق رايونلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن چارۇق دولانلىرىمۇ مارالبېشى(چارۇق) دىن يۈز كىلومېتىردىن ئارتۇق يىراقتا قېلىپ، جۇغراپىيەلىك ئورنى جەھەتتىن «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلارغا ئوخشىماي قالدى. دەريا - ئېقىنلارنىڭ يۆتكىلىشى سەۋەبىدىن بۆلۈنۈپ كەتكەن

دولانلار چارۇق قوۋمى، ئاۋات (دۆچىن) دولانلىرى، بارچۇق دولان-لىرىدىن ئىبارەت بىر قانچىگە ئايرىلىپ كەتتى.

قاراتالنىڭ زېمىن دائىرىسى كەڭ، ئاھالىلىرىمۇ بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، چارۇق قوۋم (مەركىزى دولان)، قەدىم ئايماق، دولان، زاغرا، نورەڭ، نامان، تاز، گاۋاڭ، دوسقۇل، كۇكۇلى، سېرىق قېچىق، قاراقاش، ئاقگۇمبەز، چىناق، سات، غالدىر، ماتان. . . قاتارلىق 28 تەبىئىي كەنت ۋە مەمۇرىي كەنتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ شۇنداقلا يەنە كەڭ توقاي، يايلاقلىرى بار.

قاراتال (چارۇق قوۋم) دولانلىرى گەرچە ياشاپ كەلگەن يۇرت ـ ماكانلىرىدا مەلۇم جۇغراپىيەلىك ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئاقسۇ دەرياسى (قۇمباش دەرياسى) دىن ئاتلاپ ئۆتۈپ ئاۋات ناھىيەسىدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى تاشلىمىغان، قۇدا ـ باجىلىق بولۇشۇپ داۋاملىق قويۇق ئالاقىدە بولۇپ كەلگەن. تېخىمۇ مۇھىمى قاراتال (چارۇق قوۋم) دولانلىرى ئابا ـ ئەجدادلىرىنىڭ تالاي ئەسىرلىك ھاياجان ۋە روھىي چىڭقىلىشلىرىنىڭ كاتتا تەۋەللۇتى بولغان دولان مەشرەپلىرى (دولان مۇقاملىرى) گە ئىزچىل ۋارىسلىق قىلىپ، توي ـ تۆكۈن، بەزمە ـ مەشرەپلەردە غەمكىن ۋە نىمجان قەلبلەرگە شادلىق بېغىشلاپ، مول روھىي ئوزۇق ئارقىلىق ۋۇجۇدلارنى ياشنىتىپ كەلگەن.

قاراتال (چارۇق قوۋم) مەشرىپى مەيلى مۇقام تېكىستلىرى، مۇقام ئاھاڭلىرى بولسۇن، مەشرەپ شەكىللىرى ۋە تەشكىللىنىش تەرتىپى جەھەتتىن بولسۇن، مارالبېشى، ئاۋات، مەكىت ناھىيەلىرىدە ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان دولان مەشرىپى ۋە مەشرەپلەردە توۋلىنىدىغان دولان مۇقاملىرى بىلەن ئوخشاش، مۇقاملاردا چېلىنىدىغان سازلىرىمۇ ئوخشاش بولۇپ، ماھىيەتلىك پەرق تاپقىلى بولمايدۇ.⑦

ئەمما يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى توپلاش قىزغىنلىقىنىڭ تۈرتكىسىدە، ناھىيە، شەھەرلەردە ھەرقايسى تۈرلەر بويىچە بەس ـ بەس بىلەن ئىلتىماس

قىلىپ قىسمەن سەلبىي تەسىرلەرنى پەيدا قىلمايمۇ قالمىدى. مە-سىلەن، مەلۇم بىر ھۈنەر كەسپىنىڭ ئەسلىي ماكانى شۇ تۈرنى يوللاپ بولغۇچە، باشقا ناھىيە، شەھەرلەر يوللاپ تىزىمغا ئالدۇرۇ-ۋېلىش، بىر مەدەنىيەت تۈرى بىر قانچە خىل ئىسىم بىلەن تەكرار تىزىمغا ئېلىنىش... دېگەندەك. دولان مەشرىپى غەيرىي ماددىي مە-دەنىيەت مىراسلىرىنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت تۈرى بويىچە تى-زىمغا ئېلىنىپ، مارالبېشى، مەكىت، ئاۋات ناھىيەلىرى قوغداشقا مەسئۇل ئورۇن قاتارىدا تىزىمغا ئېلىنغان. ئەمما «چۆرە قۇم مەش-رىپى»مۇ قايتا تىزىمغا ئېلىنغان بولۇپ، تېگى ـ تەكتىنى سۈ-رۈشتۈرمەي، تارىخىي كېلىپ چىقىشىنى ئېنىقلاپ باقماي قارىسى-غىلا تىزىملىغاچقا، بىر بوۋاققا ئىككى خىل ئىسىم قويۇشتەك كۈلكىلىك ئەھۋال كېلىپ چىققان.[8]

«غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مىللىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مىللىي روھ، بىر ئەلنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە مىللىي كىم-لىكنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىدۇر. ئەگەر بىر مىللەتتە بۇ نەرسىلەر بولمىسا، دۇنيادا ئۇنىڭ ئورنى ۋە تەسىر كۈچىمۇ بولمايدۇ، ھەتتا ئۇ مىللىي ئېيتىم ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم قالىدۇ».[9] شۇڭا مىللىي كىملىك ۋە مىللىي مەۋجۇتلۇقنى ساقلاش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، بۇ تەخىرسىز ۋە زۆرۈر خىزمەتنى ئەستايىدىل، ئىلمىي ۋە ئەتراپ-لىق پوزىتسىيە بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئاز سانلىق مىل-لەتلەر مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئىناق جەم-ئىيەت قۇرۇلۇشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈشتىكى نېگىزلىك ۋەزى-پىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**ئىزاھاتلار:**

① مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، بىرىنچى توم، 2 ـ، 3 ـ بەتلەر.

② مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، بىرىنچى توم، 494 ـ بەت.

③ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2002 ـ يىل 3 ـ ئاي نەشرى ، 54 ـ بەت.

④ مىرسۇلتان ئوسمانوف: «ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى، 107 ـ، 108 ـ بەتلەر.

⑤ لى شۇخۇي: «دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا ئىزدىنىش»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، خەنزۇچە، 2003 ـ يىلى 3 ـ سان، 24 ـ 32ـ بەتلەر.

⑥ مۇھەممەد ئوسمان ئەمرىنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 2010 ـ يىلىنىڭ بېشىدا نەشر قىلىش پىلانلانغان «دولانلار» ناملىق كىتابىنىڭ قول يازما نۇسخىسى، 197 ـ بەت.

⑦ دولان مەدەنىيىتى بويىچە نوپۇزلۇق تەتقىقاتچى مۇھەممەد ئوسمان ئەمرىمۇ مۇشۇ قاراشنى دەلىللەيدۇ.

⑧ «مىراس» ژۇرنىلى، 2007 ـ يىلى 5 ـ سان، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكىگە تۇنجى تۈركۈمدە كىرگۈزۈلگەن تۈرلەر ۋە ئۇنى قوغداشقا مەسئۇل ئورۇنلارنىڭ ئىسمىلىكى»، 73 ـ، 74 ـ بەتلەر.

⑨ ئابلىمىت مۇھەممەد يىلتىزلىق: «مىراس» ژۇرنىلى، 2007 ـ يىلى 3 ـ سان، «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە دۇنيا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئەھدىنامىسى»، 24 ـ بەت.

# دولانلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ مەزمۇن دائىرىسى

يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىن باشلاپ تارىم ۋادىسىنىڭ لوپنۇر كۆلىگە قويۇلۇش ئېغىزىغىچە بولغان جۇغراپىيەلىك رايون ــ مەكىت، مارالبېشى، ئاۋات رايونىنى مەركەز قىلغان هالدا ئۆزگىچە مەدەنىيەت بەلبېغىنى شەكىللەندۈرگەن دولانلار ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دېهقانچىلىقتا ئائىت ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ئېكولوگىيەسىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۆز نۆۋىتىدە ئۆزلىرىنىڭ ياشاش ئۇسۇلى، مەۋجۇتلۇق روهى، هاياتلىق ئېتىقادى، ئۆرپ ـ ئادىتى، ئەخلاق قائىدىلىرى، بەدىئىي زوق ۋە ئېستېتىك ئىنتىلىشلىرى مۇجەسسەملەنگەن دولان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىمۇ يارىتىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت قامۇسىنى ئۆزىگە خاس بەدىئىي فورمىدا جۇلالاندۇرۇپ كەلدى.

تارىخىي مەدەنىيەت قامۇسى هېسابىدىكى دولان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ناهايىتى مول ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋهەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، چۆچەكلەر، قوشاق ـ بېيىتلار، ماقال ـ تەمسىللەر گويا قىممەتلىك ئۈنچە ـ مارجانلار ساقلىنىپ ياتقان سېهىرلىك خەزىنىدەك هەر ۋاقىت ئەقلىمىزنى ئۇشلاپ، مەيلىمىزنى تارتىپ كەلدى. بولۇپمۇ، تۆگە ئۆركىشىدەك ئېگىز ـ پەس تارىخنىڭ بەدىئىي نامايەندىسى سۈپىتىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنىنىڭ مولluقى، تارىخ مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىكى بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇش سۈپىتى بىلەنمۇ هەر ۋاقىت دىققەت مەركىزىمىزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

«خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» دېگەن كىتابتا، «رىۋايەت ــ ئەمگەكچى خەلق تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان تارىخىي شەخس، تارىخىي ۋەقە، جايلارنىڭ خاس مەنزىرىسى ۋە ھايۋانلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن ئاغزاكى ھېكايىلەردۇر»[1] دەپ تەبىر بېرىلگەن. بۇ تەبىر بىرئاز چولتا بولۇپ، رىۋايەت ئۆز نۆۋىتىدە يەنە شۇ دەۋر (رىۋايەت پەيدا بولغان دەۋر) كىشىلىرىنىڭ (ياكى مەلۇم بىر مىللەت قوۋمىنىڭ) ئارزۇ ــ ئىنتىلىشلىرى، ئېستېتىك غايىسى، خاراكتېرى، مىجەز ــ خۇلقى، تۇرمۇش ئادىتى... قاتارلىقلار توغرىسىدىمۇ مەلۇم دەرىجىدە مەلۇمات بېرەلەيدىغان بولۇپ، دولانلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى (بۇ رىۋايەتلەرنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ) ئۆزىدە دەل ئەنە شۇنداق بىر قاتار ئالاھىدىلىكلەرنى تولۇق ھازىرلىغان ئېغىز ئەدەبىيات خەزىنىسى دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز. ئۇيغۇر دولانلىرى توغرىسىدىكى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن تارىخىي مەنبەلەر نىسبەتەن ئاز بولۇپ، ئۇيغۇر دولانلىرى تەتقىقاتى كۈنسايىن چوڭقۇرلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بۇ رىۋايەتلەر گەرچە ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىش داۋامىدا بەزىبىر توقۇلما ۋە مۇبالىغىلەر قوشۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۆزىگە خاس تارىخىي تەتقىقات قىممىتى بىلەنمۇ، بىزنى قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

دولانلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر سان جەھەتتىن ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما مەزمۇن دائىرىسى جەھەتتىن خېلى كەڭ ۋە مول بولۇپ، ئۇلارنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

**1. دولانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر**

ھازىرغا قەدەر دولانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ھەرخىل قاراشلار ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 ــ يىللىرىدىن بۇيان، ئىلىم ساھەسىدىكى ئۇيغۇر دولان تەتقىقاتىدا بىر قىزىق تېما سۈپىتىدە بىر تالاي مۇنازىرە، مۇھاكىمىلەرگە

سەۋەب بولۇپ كەلدى. بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار دولانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى يىپ ئۇچى قىلىپ تۇرۇپمۇ مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. تارىخ مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى ئادىل مۇھەممەت تۇرانىنىڭ نەچچە ئون يىللىق جاپالىق ئەمگىكىنىڭ سەمەرىلىك نەتىجىسى، «مەكىت تارىخ ـ مەدەنىيىتى» بۇ جەھەتتىكى زور بوشلۇقنى تولدۇرغان ئەسەر بولۇپ، دولانلار توغرىسىدىكى ، بولۇپمۇ دولانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرگىمۇ مۇناسىپ ئورۇن بېرىلگەن. «مەكىت ھەققىدىكى رىۋايەت»، «مەرتگېت رىۋايىتى»، «مەكىت رىۋايىتى»، «مۇكۇپ» قاتارلىق رىۋايەتلەردە ، ئاساسلىقى «مەكىت» [2] نامىنى مەنبە قىلغان ھالدا ئاساسلىقى مەكىت دولانلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنى بىر قانچە مەنبە ۋە ئېھتىماللىقلار بىلەن تەمىن ئەتسە، «دولانلىقلار» تېمىسى ئاستىدىكى تۆت پارچە رىۋايەت، «دولان ھەققىدە رىۋايەت» « ‹دولان› سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا»، «دۆلەنلەر ھەققىدە رىۋايەت(1)»، «دۆلەنلەر ھەققىدە رىۋايەت(2)»، «قارا دولان رىۋايىتى»، «دوللار ھەققىدە رىۋايەت(1)»، «دوللار ھەققىدە رىۋايەت(2)» [3] قاتارلىقلار بىر پۈتۈن ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ قاچان، قەيەردە، قايسى ئورۇقتىن پەيدا بولغانلىقىنى «دولان» سۆزىنى تۈپ مەنبە قىلغان ھالدا ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن يورۇتۇپ بېرىدۇ. گەرچە رىۋايەتلەرنى بىر پۈتۈن تارىخ، بىردىنبىر مەنبە دەپ كېسىپ ئېيتىشقا بولمىسىمۇ، ئەمما تۈركشۇناس بارتولد موڭغۇل خەلق رىۋايەتلىرىنىڭ موڭغۇللارنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئوينىغان رولى توغرۇلۇق توختىلىپ، « XII ئەسىر موڭغۇل تارىخى ئۈچۈن بىردىنبىر مەنبە موڭغۇل خەلق رىۋايەتلىرى ۋە ئۇنىڭغا زامانداش بولغان يېزىق ۋەسىقىلىرىدىن ئىبارەت» [4] دەپ ئېيتقىنىدەك، تارىخ تەتقىقاتى ئۈچۈن دەسلەپكى ماتېرىيال بولالايدىغانلىقىدا شەك يوق. يۇقىرىقى رىۋايەتلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ قارىساقمۇ (سەھىپە ئېتىبارى بىلەن بۇ رىۋايەتلەرنى بىرمۇبىر نەقىل ئالمىدۇق)، تەتقىقات مەقسىتىگە

غەرەز ئارىلاشقان، بىلىم قۇرۇلمىسى ئانچە پۇختا ئەمەس بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارنىڭ نادانلارچە ئېيتقىنىدەك، «دولانلار موڭغۇللارنىڭ ۋە ياكى يەنە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەۋلادى» ئەمەس، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكى، ئەمما تارىختىكى تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى ھازىرقى ياشاۋاتقان جايىغا كۆچۈپ كېلىپ قالغانلىقى مانا مەن دەپلا مەلۇم بولىدۇ. تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى ئادىل مۇھەممەد تۇران ئەپەندىنىڭ ئاشۇ ناتوغرا قاراشلارغا كۈچلۈك رەددىيە تەرىقىسىدە بۇ قوۋمنى «ئۇيغۇر دولانلىرى» دەپ ئاتاشنى تەشەببۇس قىلىشى ۋە ماقالە ئەسەرلىرىدە باشلامچى بولۇپ، شۇنداق قوللىنىپ كەلگەنلىكىمۇ بۇ نۇقتىنى كۈچلۈك دەلىللەيدۇ.

## 2. تارىخي شەخسلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر

تارىخي شەخسلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر تارىختا ئۆتكەن ھەرخىل رېئال مەۋجۇت شەخسلەرنى، مەسىلەن، دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنى، مىللىي قەھرىمانلارنى، ئەلنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن يۇرت بېشلىرىنى ئۆزىنىڭ بايان قىلىش ئوبيېكتى قىلىدۇ. شۇ دەۋردىكى مۇھىم ۋەقەلەرنى، ئۇرۇش - يېغىلىقلارنى ۋە ياكى باشقا تۈرلۈك ئىش - پائالىيەتلەرنى تارىخي شەخسلەرگە باغلاپ چۈشەندۈرۈپ، بىر جەھەتتىن، تارىخي شەخسلەرنى ھەر قايسى نۇقتىدىن ئەتراپلىق چۈشىنىشىمىزگە قولايلىق يارىتىپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، شۇ دەۋر تارىخىنى بىلىشىمىز ئۈچۈنمۇ مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ. «سائادەت بەگ رىۋايىتى»، «ئەختەم بۇزۇرگاھى مازىرى»... قاتارلىق رىۋايەتلەردە رېئال تارىخي شەخس سائادەتبەگ (سائادەتبەگ - دولانلارنىڭ 18 - ئەسىردە ئۆتكەن ھاكىمى. ئۇ 1755 - يىلى بورھانىدىن غوجىغا قوشۇلۇپ، يەكەنگە قوشۇن تارتىپ، ئابدۇللا غوجا بىلەن قانلىق جەڭ قىلغان. ئۇنىڭ قەبرىسى يەكەن دەرياسى بويىدىكى ئاۋات ناھىيەسى تەۋەسىگە جايلاشقان «ئوتتۇز كېمە»

خارابىسىنىڭ جەنۇبىدىكى «ئاقمۇللا كۆل» دېگەن يەردە) ۋە ئەختەم (ئەختەم ـ دولان قوشۇنلىرىنىڭ سەردارى. ئۇ 1743 ـ يىلىدىن 1748 ـ يىلىغىچە شىنجاڭدىكى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ۋەكىللىرىدىن چېن دەيخان قوشۇن باشلاپ مەكىت ناھىيەسىنىڭ شېھىتدۆڭ يېزىسىدىكى بىر جىلغىغا ئورۇنلىشىپ تالاي بىگۇناھ خەلقنى ئۆلتۈرگەن. زۇلۇمغا چىدىمىغان دولان خەلقى ئەختەمنىڭ باشچىلىقىدا موڭغۇل قوشۇنلىرى بىلەن سوقۇشقان. موڭغۇل قوشۇنلىرى كۈچلۈك كېلىپ، ئەختەم قوشۇنىنى ئاجىزلىتىپ ئەختەمنى شېھىت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ھازىرغا قەدەر مەكىت، مارالبېشى، يوپۇرغا ناھىيەلىرىدىكى دولان خەلقىنىڭ تاۋاپ قىلىشى بىلەن ئەختەمنىڭ تۇپراق بېشى «ئەختەم بۇزرۇگاھى»، موڭغۇللار دەريادىن ئۆتۈپ، دولان ياشلىرىنىڭ كاللىسىنى ئالغان جاي «باش ئالغۇچ» دەپ ئاتىلىپ ئۇلۇغلىنىپ، تاۋاپ قىلىنىدىغان جايغا ئايلانغان. «ئەختەم بۇزرۇگاھى» ۋە «باش ئالغۇچ» دېگەن جاينىڭ ئورنى ھازىرمۇ ئاۋات ناھىيەسىدە[5]) لەرنىڭ ھەرقاچان، ھەر زامان ئەلنىڭ دەردىگە دەرمان ۋە باشپاناھ بولىدىغان، ئاق كۆڭۈل، ۋىجدانلىق، شىرمەرد خاراكتېرى ئايان بولىدۇ. «مازايى ـ ماشايىقلارغا بولغان ئېتىقادى ناھايىتى كۈچلۈك، قانداق مازار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىنى ئۇلۇغلايدىغان بۇ ئادىتى باشقا يۇرتتىن كەلگەنلەر تەرىپىدىن ‹ئاچا توغراقنى كۆرۈپ مازار غوجام دېگەن دولان، قاشقا توڭگۇزنى كۆرۈپ مېنىڭ كالام دېگەن دولان› دەپ قوشاققا قېتىلىپ كەلگەن دولانلار[6] بۇ ئىككى يولباشچى سەردارىنىڭ مازىرىنى تېخىمۇ زىيادە ئۇلۇغلاپ، تاۋاپگاھ دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن بولۇپ، «سائادەتبەگ مازىرى» خەلق ئېغىزىدا «سەردار گۇمبىزى»، «سەرداھۇم» دەپ ئاتىلىپ، ھەر يىلى تۇنەك ئاخشىمى نەچچە يۈز، ھەتتا نەچچە مىڭ تاۋاپچىنىڭ نەچچە ئۇنلىغان چارۋا ـ ماللارنى سويۇپ ياغ پۇرىتىپ نەزىر قىلىشى، جەررە ساماھ سېلىپ، ھۆكمەتلەرنى جاراڭلىتىپ ئوقۇشى بىلەن نام ـ شۆھرىتى تېخىمۇ ئېشىپ بارغان (يۇقىرىقىلار 1980 ـ

يىللاردىن بۇرۇنقى ئەھۋاللار بولۇپ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇنىي تەرتىپ بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى بىلەن بارا ـ بارا ئەمەلدىن قالغان.) «ئەختەم بۇزرۇگاھ» بولسا، مۇھەممەد رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرى بولغان ئىسمىداش «ئەختەم رەزىيەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەلەم» نىڭ قەبرىسى دەپ قارىلىپ، قەبرە يېنىدىكى مەسچىتنىڭ شىمال تەرىپىگە تۇغ ـ شەددىلەر باغلاپ قويۇلغان بىر يېرى «تىلەكخانا» دېيىلىپ، ئاقساق ـ چولاق، مېيىپ ـ ئاجىزلار ۋە تۇغمىغان ئاياللار تىلىكىنى ئاللاغا ئېيتسا ئىجابەت بولىدۇ دەپ قارالغان. ھەتتا بۇ يۇرتتىن ھەجگە بارغانلارغا شۇ يەردىكىلەر «سىلەر ئۇنچە يىراق جايدىن جاپا تارتىپ ھەج قىلغىلى كەلگۈچە، يۇرتۇڭلاردىكى ‹ئەختەم رەزىيەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەلەم› نىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلساڭلارمۇ بولاتتى دەپتىكەن» دېگەنگە ئوخشاش ئەپسانىلەرمۇ تارقىلىپ بۇ مازارغا تېخىمۇ سىرلىق تۈس بېغىشلىغان. گەرچە بۇ خىل ئەپسانىلەرنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى ناچار تەبىئىي مۇھىتتا ناھايىتى قىيىن شارائىتتا پىشىپ يېتىلگەن دولانلارنىڭ ئۆز سەردارلىرىغا بولغان چەكسىز ساداقىتى تۈپەيلىدىن بولغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا بۇ رېئال تارىخىي شەخسنى ھەر جەھەتتىن چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

«سائادەتبەگ» رىۋايىتىدە ئۆز خەلقىگە ناھايىتى كۆيۈمچان، دۈشمەنلىرىگە بولسا غەزەپ ـ نەپرەتتى تېشىپ تۇرىدىغان سائادەتبەگنىڭ سوپى ـ ئىشانلارنىڭ رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن ئېنىق تونۇپ يېتىپ، مۇرت توپلاپ خەلقنى ئازدۇرۇش مەقسىتىدە كەلگەن «غوجام» ناملىق ئىشاننى «كۆزۈمگە ئىت سۈرىتىدە كۆرۈنۈپ كېتىپتۇ» دېگەن ئەپچىل ھىيلە بىلەن دەرھال قەتلى قىلىپ، كېيىنكى چوڭ ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئالغانلىقىدەك دانالىقى بايان قىلىنغان بولۇپ، قەيسەر ۋە تۈرگۈن، ئاقىل ۋە دانا بولۇشتەك بىر قاتار سۈپەتلەرنى ئۆزىدە تولۇق ھازىرلىغان سۆيۈملۈك بىر ئوبراز سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ.

**3. يەر ـ جايناملىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر**

يەر ـ جاي ناملىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرمۇ دولانلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ئىچىدە سالماق ئورۇن تۇتىدىغان بولۇپ، خەلق ئىچىدە ناھايىتى كەڭرى تارقالغان. گەرچە بۇ رىۋايەتلەرنىڭ بەزىلىرى «تارىخىي شەخسلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر»گە، بەزىلىرى دولان مۇقام نامىلىرىنىڭ ئىزاھاتى تەرىقىسىدىكى رىۋايەتلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا مەلۇم بىر يەر ـ جاي نامىنىڭ ئاتىلىش سەۋەبىنى چۈشەندۈرگەن ھالدا ئېنىق خاراكتېرلىنىپ تۇرىدۇ. پېشقەدەم يازغۇچى، دولان مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىسى مۇھەممەد ئوسمان ئەمرى نەشرگە تەييارلىغان «ئاۋات تارىخىي ماتېرىياللىرى»دىمۇ «جۇلا مۇقامى»نىڭ نېمە سەۋەبتىن شۇنداق ئاتىلىپ قالغانلىقى توغرىسىدا بېرىلگەن رىۋايەت يەنە ئۆز نۆۋىتىدە «قىرىق قىز دالاسى» رىۋايىتى بولۇپ، «قىرىق قىز دالاسى»دا ئەينى چاغدا بولغان قانلىق ئورۇشتىن مەلۇمات بېرىدۇ.[7]

«قۇم گېرەم مازىرى توغرىسىدا رىۋايەت»، «قالماق دۆڭى توغرىسىدا رىۋايەت»، «ئوتتۇز كېمە رىۋايىتى»، بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن «غېجەك ئاستى»، «قالىغاچ دۆڭ»، «سانى دۆڭ»توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر[8] نىڭ بىر قىسمى گەرچە سائادەتبەگنىڭ نامىغا باغلانغان بولسىمۇ، دولانلارنىڭ ئەينى چاغدا ياشىغان جۇغراپىيەلىك جايلىرى، تەبىئىي شارائىتى، مۇشۇ يەردە بولغان ئىش ـ پائالىيەتلەر ۋە نېمىشقا شۇنداق ئاتىلىپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت يىپ ئۇچىنى لىنىيە قىلىپ، دولانلارنىڭ ئەينى چاغدىكى ماكان ـ زامانى توغرىسىدا مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ.

**4. دولانلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر**

دولانلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر قويۇق ئۆسكەن پايانسىز توغراقلىق ۋە ئاللا بەرگەن ئەقىلدىن باشقا

تايانچىسى يوق دولانلارنىڭ قۇم ـ بوران ۋە ياۋلارنىڭ تەھدىتىگە ھەر قاچان، ھەر زامان ئۇچراپ تۇرغانلىقىدەك ئالاھىدە شارائىتتا، ئەقىل ئىشلىتىش، چارە ـ ئامال تېپىشتا ماھىرلىقىدەك ئارتۇقچىلىقى ئۆزگىچە خاراكتېرلىنىپ تۇرىدۇ.

«قوڭغۇز يېگەن دولانلىق» دېگەن رىۋايەتتە باستۇرۇپ كىرگەن ياۋ ئالدىدا ناھايىتى قىيىن شارائىتتا قالغان دولانلارنىڭ ئۆز ئېلىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، دۈشمەنلەرنىڭ لەشكەر بېشى بىر پەتنۇستا ئېلىپ كەلگەن قارا ئۈجمە بىلەن قوڭغۇزدىن ناھايىتى سەزگۈرلۈك بىلەن «تۇرغىنى تۇرۇپ تۇرسۇن، باشتا قاچىدىغىنىنى يەيلى» دېگىنىچە ئاۋۋال قوڭغۇزنى يەپ، قورغان توزاقتىن ئۆتۈۋېلىپ، ئاندىن كېيىن دۈشمەنلەرنى ئالداپ يوقاتقانلىقىدەك ۋەقە بايان قىلىنغان بولسا، «دولانلىق يوغان ئۆتۈك» دېگەن رىۋايەتتە بولسا ياۋنى تېخىمۇ ماھىرلىق بىلەن بابلاپ، بىر كالىنىڭ تېرىسىدىن تىكتۈرگەن ناھايىتى يوغان ئۆتۈكنى توغراق شېخىغا ئېسىپ قويۇپ، نەچچە ئون يىللارغىچە ياۋنى قورقۇتۇپ يېقىن كېلەلمەس قىلىۋەتكەنلىكى بايان قىلىنىپ[9]، كاللا ئىشلىتىشكە ئامراق، چارە ـ تەدبىر تېپىشقا ماھىر دولانلارنىڭ خاراكتېرى ئەمەلىي ۋەقەلەر ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلگەن.

دولانلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ گەرچە خەلق ئارىسىغا تارقالغىنى خېلى كۆپ بولسىمۇ، قەلەمگە ئېلىنغىنى ئانچە كۆپ ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا ، «دولان مۇقاملىرى» نىڭ نامى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرمۇ بار بولۇپ، پېشقەدەم يازغۇچى، نوپۇزلۇق دولان مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىسى مۇھەممەد ئوسمان ئەمرى مۇقامناملىرىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى قاتارىدا بىر ـ ئىككى مۇقامنىڭ نامى توغرىسىدىكى رىۋايەتنى توپلاپ رەتلىگەن، ئەمما ئانچە كۆپ بولمىغاچقا، بۇ يەردە بىز ئايرىم تۈر قىلىپ توختالمىدۇق.

قىسقىسى، دولانلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئۇيغۇر دولان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى باتۇر، ئەمگەكچان،

مىھماندوست، ئاق كۆڭۈل ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق يىللىق ھايات مۇساپىسى ۋە ئىجتىمائىي تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئىجاد قىلغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرى بولۇپ، تىلىنىڭ راۋانلىقى، قۇرۇلمىسىنىڭ پۇختىلىقى، ۋەقەلىكىنىڭ قىزىقارلىقلىقى، تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ قويۇقلۇقى. . . قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن خەلقىمىز ئارىسىدا ئەۋلادتىن ئەۋلادقا، ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ، قىممەتلىك بايلىق سۈپىتىدە ھازىرغا قەدەر داۋام قىلىپ كەلدى. ئۇنىڭدا خەلقىنىڭ گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلىرى، غايىسى، پەم ـ پاراسىتى، باتۇر، قەيسەر ئىرادىسى يارقىن ھەم ئوبرازلىق تىل ۋاسىتىسى رېئالىستىك ھەم فانتازىيەلىك شەكىلدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئۇزاق تارىخىي ھاياتىنىڭ بىباھا بەدىئىي خاتىرىسىدۇر. ئۇ يەنە ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ فولكلور مەدەنىيەت خەزىنىسى، يەرلىك «قارا تىل» بۇلىقى بولۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەتشۇناسلىق ۋە تىلشۇناسلىق ساھەسىنىڭ قىممەتلىك خام ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر دولان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىش ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتى، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى، دولانشۇناسلىق تەتقىقاتى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.[10]

ئىزاھاتلار:

① ئوسمان ئىسمائىل: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى»، 1998 ـ يىلى 1 ـ ئاي نەشرى، 177 ـ بەت.

② ئادىل مۇھەممەد تۇران: «مەكىت تارىخ ـ مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى»، 2006 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى، 3 ـ قىسىم، 1003 ـ 1008 ـ بەتلەر.

③ ئادىل مۇھەممەد تۇران: «مەكىت تارىخ ـ مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ

ئۈنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى»، 2006 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى، 3 ـ قىسىم، 1008 ـ 1017 ـ بەتلەر.

④ شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن ئوچېرىكلار»، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى»، 1997 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى، 171 ـ بەت.

⑤ ئادىل مۇھەممەد تۇران: «مەكىت تارىخ ـ مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى»، 2006 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى، 3 ـ قىسىم ، 1008 ـ 1017 ـ بەتلەر.

⑥ ئوسمان ئىسمائىل: «ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى 3 ـ ئاي نەشرى، 153 ـ بەت.

⑦ مۇھەممەد ئوسمان ئەمىرنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «ئاۋات تارىخي ماتېرىياللىرى» (ئىچكى ماتېرىيال) 4 ـ قىسىم، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئاۋات ناھىيەلىك خىزمەت كومىتېتى تۈزگەن، 2004 ـ يىلى 4 ـ ئاي باسمىسى ، 119 ـ بەت.

⑧ مۇھەممەد ئوسمان ئەمىرنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدە ئاۋات ناھىيەلىك خەلق ئەدەبىياتى توپلاملىرى تەھرىر ھەيئىتى تۈزگەن «ئاۋات خەلق چۆچەكلىرى» (ئىچكى ماتېرىيال)، 1993 ـ يىلى 9 ـ ئاي باسمىسى، 15 ـ 20 ـ 23 ـ بەتلەر.

⑨ ئادىل مۇھەممەد تۇران: «مەكىت تارىخ ـ مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى»، 2006 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى، 3 ـ قىسىم، 1018 ـ، 1019 ـ، 1020 ـ بەتلەر.

⑩ ئادىل مۇھەممەد تۇران، مۇھەممەد ئوسمان ئەمىرنىڭ بىرلىكتە نەشرگە تەييارلىشىدىكى «ئۇيغۇر دولان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى» (ئاۋات قىسمى)، »شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى»، 2009 ـ يىلى9 ـ ئاي نەشرى، كىرىش سۆز قىسمى.

# ئاۋات دولان دېھقانلار رەسساملىقى توغرىسىدا

ئەمگەكچان، قەيسەر، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ۋە سەنئەت تۇيغۇسى مول ئۇيغۇر دولانلىرى تالاي ئەسىرلەردىن بۇيان بېكىك ۋە قۇرغاق مۇھىتتا توغراقنى سىمۋول قىلغان دولان مەدەنىيىتىگە ئۆز قايغۇ ـ شادلىقلىرى ھەمدە ئېستېتىك ئىنتىلىشلىرىنى ئۇن ـ تىنسىز يۇغۇرۇپ، مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئاساسى بولغان بۇ ئانا مەدەنىيەتنى داۋاملىق بېيىتىپ ۋە گۈللەندۈرۈپ كەلدى. ئۆزاقلارغا سوزۇلغان دەريا بويلىرىدىكى بىپايان بوستانلىقلارنى شاھانە ئوردا سۈپىتىدە ئۇلۇغلاپ ياشاپ ۋە ئاۋۇپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىز سىر ـ ھېكمەتكە تويۇنغان ۋە چەكسىز گۈزەل ئانا تەبىئەت بىلەن ئاشىقانە رەۋىشتە مەجنۇنلارچە مۇڭدىشىپ، ئېستېتىك تۇيغۇلىرىنى توختاۋسىز ھالدا تاۋلاپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ مېڭىش بىلەن بىرگە، ساپ سەنئەت تۇيغۇلىرىنى ناخشا ـ ئۇسسۇلغىلا مۇجەسسەملەشتۈرۈپ قالماستىن، شەكىل يارىتىش سەنئىتى بولغان ئەل ئىچى رەسساملىقىنىمۇ مۇناسىپ تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرۈپ كەلگەن.

ئۇيغۇر دولانلىرى تۇغما بولغان گۈزەللىك ئېڭىنى تۇرمۇش ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگىچە سىڭدۈرۈپ، شەكىل يارىتىش سەنئىتىنى نامايان قىلغىلى بولىدىغانلىكى ھەربىر ئوبيېكتنى ئۆز دىققىتى دائىرىسىدە ئېتىبارسىز قالدۇرماي ئېستېتىك چاڭقاشلىرىغا مەلھەم قىلىپ كەلدى.

يېقىنقى ئۈچ ـ تۆت مىڭ يىللىق تارىخقا قارىساقمۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جاي ـ جايلىرىدىن تېپىلىۋاتقان ئادەم ۋە گۈل

نۇسخىلىرى بېسىلغان پاختا رەختلەر، ناھايىتى چىرايلىق گۈل شەكىللىرى چىقىرىلغان نان، شوخ ۋە ئويناق گۈل رەڭلىرى ماسلىق نىسبىتى بويىچە بىر پۈتۈن ھالەتتە كۆزلەرنى قاماشتۇرۇپ، چەكسىز ئەقىل ـ پاراسەتنى نامايان قىلىپ تۇرۇۋاتقان گىلەم، تەڭلىمات، كىگىزلەر ۋە كەشتە نۇسخىلىرى ھەمدە مىڭ ئۆي تام سۇرەتلىرى، مىنىياتۇرا رەسىملىرى تەسەۋۋۇر قانىتىمىزنى تاۋلاپ پەخىر كۆكىدە پەرۋاز قىلدۇرىدۇ. سىز ھازىرمۇ مارالبېشى، ئاۋات، مەكىت ناھىيەلىرىدىكى بىرەر دېھقاننىڭ ئۆيىگە ، كۆرگەزمىخانىلىرىغا كۆز يۈگۈرتسىڭىز گەرچە ياغاچ چاقلار رېزىنكە چاقلارغا ئالماشقان بىلەن شوتا، جاۋەنلىرىگە بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا كۆركەم نەقىشلەر چىقىرىلغان ياغاچ ھارۋا، ئوخشاشماسلىق ھالىتىدە ھەر تەرەپكە ئۈزىراپ بارىدىغان كۆركەم نەقىشلەر بىلەن بىر قاراشقا سەنئەت بۇيۇمىغىلا ئوخشايدىغان كات ساندۇق، پەنجىرە، ئىگەر ـ جابدۇقلار، نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ جانلىق نامايەندىسى بولغان تەڭلىماتلار، سۆيگۈ يىپلىرىدا گۈل كەشتىلىرى بىلەن بېزەلگەن تاماكا خالتىلىرى، ھەتتا قورساق بەكرەك ئاچقاندا ئادەم قاراپ ھۇزۇرلىنىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان پېتى يەۋېتىدىغان، ئەمما ناۋاي ئۇستام ھەر قاچان ھەر زامان تۆكۈچ بىلەن يۈزىگە چىرايلىق گۈل شەكىللىرىنى چۈشۈرۈشنى ئۇنتۇپ قالمايدىغان قۇياشقا ئوخشاش نانلار... قىسقىسى، ئۇلارنىڭ ھەر بىر نەرسىسىدىن گۈزەللىك بۇلىقى بولغان شەكىل يارىتىش سەنئىتىنىڭ ئۆرنەك ـ نۇسخىلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ.

يەكەن ۋە تارىم دەرياسىنىڭ باشلىنىش ئېغىزىنى ماكان قىلىپ ياشاپ كەلگەن سەنئەتخۇمار ئاۋات دولانلىرى ئۆز ئېستېتىك چاڭقىشىنى دولان مەشرەپلىرىدىن باشقا، شەكىل يارىتىش سەنئىتى بولغان رەسساملىق، خەتتاتلىق، نەققاشلىق ئېلېمېنتلىرى بىلەن تويۇندۇرۇپ، قايغۇ ـ شادلىقلىرىغا شاھىد قىلىپ كەلدى. ئەل ئىچى رەسساملىقى بەزىلەرنىڭ ئېيتقىنىدەك

يېقىنقى ئوتتۇز ــ قىرىق يىل ئاۋۋاللا پەيدا بولۇپ قالغان يىلتىزسىز دەرەخ بولماستىن، بەلكى ئەجدادلارنىڭ سەنئەت گېنى ئارقىلىق بىزگىچە يېتىپ كەلگەن، هاياتلىق مەنبەيىمىز بولغان قېرى توغراقلاردىن كۆكلىگەن ياش نوتا سۈپىتىدە دولان مەدەنىيىتىگە يېڭى قان بولۇپ قۇيۇلۇپ، بارغانسېرى تەسىر قوزغاۋاتقان ئۆزگىچە بىر مەدەنىيەت هادىسىسى.

ئەل ئىچى رەسساملىقى بارلىق رەسساملىقنىڭ ئانىسى. تارىختىن بۇيان ساقلىنىپ قالغان دىنىي گۈزەل ــ سەنئەت، ئوردا گۈزەل سەنئىتى قاتارلىقلار ئەل ئىچى گۈزەل سەنئىتىنىڭ تەۋەللۇتى، ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتى سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن. ئەل ئىچى رەسساملىقى ئوخشاش بولمىغان مىللەت ۋە رايونلارنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ ــ ئادىتى، ئېستېتىك قىزىقىشى ۋە غايىۋى ئىنتىلىشىنى ئىپادىلەيدۇ. مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ۋە جەۋھىرى خەلق ئىچىدە.

ئاۋات دولان دېهقانلار رەسساملىقى سەنئەتخۇمار ئەجدادلىرىنىڭ شەكىل يارىتىش سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە تولۇق ۋارىسلىق قىلغان هالدا ئەنئەنىۋى رەڭلەردىن كۆك رەڭ (تارىخىي رىۋايەتلەردىكى كۆك تەڭرىنىڭ، چەكسىزلىك ۋە ئۇلۇغلۇقنىڭ، ياخشىلىق ۋە ئامەتنىڭ، شۇنداقلا ئىلاهىي تۇسنىڭ سىمۋولى)، قىزىل رەڭ (خۇشاللىق، بەخت ــ سائادەت، ياشلىق، گۈزەللىك، جەڭگىۋارلىق، غەلىبە، تۆكۈلگەن قان، ئۇرۇشنىڭ سىمۋولى)، سېرىق رەڭ (قۇياش، مول هوسۇل، ئالىيجانابلىقنىڭ، شۇنداقلا غەمكىنلىك ۋە ئازاب ــ هەسرەتنىڭ سىمۋولى) قارا رەڭ (يوكسەكلىك، تەمكىنلىك، ئېغىر ــ بېسىقلىق ۋە ۋەهىمىنىڭ سىمۋولى) قاتارلىقلارنى ۋە بۇ رەڭلەر ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەڭشەلگەن بوياقلارنى (مەسىلەن، قارا كۆك، زەيتۇنە رەڭ، چەيزەرەڭ، شاپتۇل چېچىكى، ئانارگۈلى، خورما رەڭ، توپارەڭ، ئەت رەڭ، توق سېرىق، تۇخۇم سېرىقى، پوررەڭ، كاۋا چېچىكى... قاتارلىق رەڭلەرنى) ئارزۇ ۋە ئىنتىلىشلىرىگە ماس هالدا ئىشلىتىپ ئەركىن شەكىل

يارىتىشنى ئاساس قىلىپ كەلگەن. ئۇلار ئۇچۇن بوياق ماتېرىياللىرى تەبىئەت دۇنياسىدا ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرغانكى، رەڭلەر ئىچكى سىرلىرىنى ئۇلارغا پىچىرلاپ سۆزلەپ تۇرغان. تۇخۇمەك، زاك، زەمچى، ئانار پوستى، يۇلغۇن چېچىكى، ئۆرۈك قوۋزىقى، ياڭاق پوستى، تۆمۈر پوستى، تۆمۈر دېتى، داشقال، ئوردان، توغراق قوۋزىقى قاتارلىق ئۆز ئەتراپىدىكى تەبىئىي ماددىلاردىن شۇ پېتى ۋە ياكى ئۇلارنى زاغۇن يېغى، جىگدە يېلىمى قاتارلىقلارغا ئارىلاشتۇرۇش ئاساسىدا ئۇلاردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئەسىرلەر بويى توزىمايدىغان ئۆڭمەس بوياقلارنى ياساپ چىققان.

ساددا ئېستېتىك قاراش ۋە ئاددى ـ ساددا ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئاۋات دولان دېھقانلار رەسساملىقىنىڭ ئاساسلىق ئۇسلۇبى بولۇپ، دېھقان رەسساملار ئۆزى كۆرۈپ يەتكەن شەيئىلەرنى ئۆز پېتىلا سىزىپ قويماستىن، خالىغانچە ئۆزگەرتىپ، تۇيغۇسى بويىچە ئوبرازلارنى ئىجاد قىلىدۇ. ئۇلار ئەجدادلىرىنىڭ سەنئەت ئۇسلۇبىغا ۋارىسلىق قىلغان ھالدا ھازىرقى تۇرلۇك زامانىۋى ئېقىملارغا ئەگەشمەي، تۇرمۇشقا بولغان ئوتتەك قىزغىنلىق، مول تەسەۋۋۇر، مۇبالىغە، سىلىشتۇرۇش... قاتارلىق ئۇسۇللارنى دادىل قوللىنىش ئارقىلىق كەڭ تەبىئەتنى، ئۆزى ياشاۋاتقان تۇرمۇشنى، ئۆرپ ـ ئادەتنى، بولۇپمۇ ئۆزلىرىنى توختاۋسىز غىدىقلاپ تۇرۇۋاتقان دولان مەدەنىيىتىنىڭ كەڭ ۋە مول مەزمۇنىنى، ئۇنى تەشكىل قىلىپ تۇرۇۋاتقان ھەربىر تارماق مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ ئىنچىكە، ئەڭ تەسىرلىك كارتىنىلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، قوپال، ئەركىن، جىجاق ۋە شوخ، قېنىق، ساددا رەڭلەرنى ۋاستە قىلىپ، گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى، غايە ئىنتىلىشلىرىنى توسالغۇسىز ھالەتتە ئىپادىلەيدۇ.

تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ كەملىكى تۈپەيلى ئاۋات دىيارىدا ئۆتكەن ئەل ئىچى رەسساملىرىنى ئېنىقلاشقا مۇمكىن بولمىسىمۇ، تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلارغا تەۋە كىتاب ـ قول يازما،

كەشتە ـ توقۇلما بۇيۇملىرى ۋە باشقا ئاسار ئەتىقىلەرگە سىزىلغان ياكى چېكىلگەن ۋە ئىشلەنگەن رەسىم، نەقىش، مىنىياتۇرا قاتارلىقلاردىن كۆرۈش مۇمكىنكى، ئاۋاتتا ئەينى دەۋردە ماھارىتى خېلى يۇقىرى بىر تۈركۈم رەسساملار ئۆتكەن. بۇلارنىڭ بىر قىسىملىرى رەسساملىقنى ئويمىچىلىق ۋە قىرمىچىلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ھايۋانات، ئۇچار قۇشلارنىڭ ۋە ياكى باشقا نەرسىلەرنىڭ شەكىللىرىنى ئويۇپ ياكى قىرىپ چىقارغان بولسا، يەنە بىر قىسىملىرى مىنىياتۇرا (قول يازما كىتابلارغا سىزىلىدىغان قىستۇرما رەسىملەر) سىزىپ داڭق چىقارغان.

يېقىنقى دەۋرلەردە بولسا غوروچۆل قىيا قۇدۇقلۇق ئەختەم موللا، ساۋۇر مەزىن، تامتوغراق ئۆجمىدىكى ئوسمان قازى... قاتارلىق خەتتاتلار، ئازادلىقتىن بۇيان بولسا يۇسۇپجان ياقۇپ قاتارلىق رەسساملار كەينى ـ كەينىدىن يېتىشىپ چىقىپ، قول يازما كىتابلارنى يۇقىرى خەتتاتلىق ماھارىتى بىلەن كۆچۈرۈپ چىقىش بىلەن بىرگە، بەت ئەتراپىغا كۆركەم بېزەك نەقىشلەرنى ۋە مىنىياتۇرا رەسىملەرنى سىزىش، تام رەسىملىرى ۋە باشقا ئىجادىي رەسىملەرنى ئىجاد قىلىش بىلەن تونۇلغان.

ئاۋات دولان دېھقان رەسساملىق قوشۇنى 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى پەقەت كونا ئۇدۇم بويىچە ئىستىخىيەلىك ھالدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇلار دەسلەپىدە ئۆيىدە ئەتىسى، ئاخشاملىرى قېرىنداش بىلەن قەغەزگە سىزىپ مەشىق ئاساسىدا دەسلەپكى سىزمىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولسا، كېيىنچە مەكتەپلەردە گۈزەل سەنئەت دەرسى ئوقۇتۇشىنىڭ كۈچەيتىلىشى بىلەن باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن بىر تۈركۈم دېھقان ياشلىرى قولىغا پەلكۈچ، چوتكىلارنى ئېلىپ قەغەز، رەخت ۋە تاملارغا چەكسىز قىزغىنلىق بىلەن رەسىم سىزىشقا كىرىشكەن. بارا ـ بارا سەنئەت ئېڭى ۋە ئېستېتىك تۇيغۇسى مول بىر تۈركۈم قېرى ـ ياش دېھقانلار ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ مەرھۇم كەسپىي رەسسام توختىنىياز مەتنىيازنىڭ ھارماي ـ تالماي

يېتەكلىشى بىلەن 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى، 1990 ـ يىللارنىڭ باشلىرى رەسمىي دېھقان رەسساملار قوشۇنى بولۇپ شەكىللەنگەن.
2000 ـ يىللارنىڭ باشلىرى ناھىيەلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قىزغىن قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ۋە ھەر جەھەتتىن شارائىت يارىتىپ بېرىشى ئارقىسىدا بۇ قوشۇن بەشئېرىق بازىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا كۆنسايىن زورىيىپ ، ئەزالىرى 50 نەچچە نەپەرگە يەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئاممۇى سەنئەت سارىيىنىڭ گۈزەل سەنئەت يېتەكچىسى، دۆلەتلىك 1 ـ دەرىجىلىك كەسپىي رەسسام پەرھاد ئىبراھىمنىڭ 2004 ـ يىلىدىن بۇيان، يۇقىرى ـ تۆۋەن يول مېڭىپ، قەغەز ۋە بوياق ماتېرىياللىرىنى يۇقىرىدىن ھەل قىلىشى، ناھىيەلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، مەدەنىيەت تەنتەربىيە رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى ۋە مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە ئادەم تەشكىللەش، ئورۇن، خىراجەت قاتارلىق جەھەتلەردە كونكرېت قول سېلىپ ئىشلىشى نەتىجىسىدە ھەر يىلى ئاز دېگەندە بىر ياكى ئىككى قېتىم دېھقان رەسساملار كۇرسى ئېچىلىپ، دېھقانلار رەسساملىقى مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ دائىملىق ئىشلار كۈنتەرتىپىگە قويۇلدى. دېھقان رەسساملار كۇرسى ئەمەلىيەتتە رەسمىي ئىجادىيەت جەريانى بولۇپ، ھەر قېتىملىق 15 ~ 20 كۈنلۈك كۇرس داۋامىدا نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. بۇ ئەسەرلەر 2003 ـ، 2004 ـ، 2005 ـ يىللىرى ۋىلايەت بويىچە ئېچىلغان كۆرگەزمىلەرگە قويۇلۇپ مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن بولسا، 2006 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ئەل ئىچى مەدەنىيەت سەنئەت بايرىمى مەزگىلىدە مەخسۇس كۆرگەزمە قىلىندى. بىر قىسىم ئەسەرلەر 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ، ئېتىزلىقتىن ھېرىپ ـ چارچاپ كەلگىنىگە قارىماي ئەتىسى ـ ئاخشاملىرى توختىماي رەسىم سىزىپ كەلگەن بۇ دېھقان رەسساملارنىڭ بارا ـ بارا داڭقى چىقتى.

«ئەۋلادلارغا»، «دولان مەشرەپى» قاتارلىق بىرقىسىم ئەسەرلەر «تارىم»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» قاتارلىق ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ مۇقاۋىلىرىدا ئېلان قىلىندى. 2008 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تايانچ دېھقان رەسساملاردىن نۇر قاسىم، روزى ئاخنىياز، ياسىنجان قۇربان، ئابلاجان ئابدۇقادىر، ئېلىجان ئىدرىس، مەخمۇتجان ئىدرىس، ئۆمەرجان مۇھەممەد، ئايشەمخان قۇربان، ماھىرجان مۇختار قاتارلىقلار ئىجاد قىلغان 60 پارچىغا يېقىن ئەسەر ئاۋۋال جېجياڭدا كۆرگەزمە قىلىندى ۋە خېلى كۆپ ئەسەرلەر1 ـ، 2 ـ، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، كېيىن بۇنىڭ ئىچىدىن 13 پارچە رەسىم تاللىنىپ، ئامېرىكىنىڭ پايتەختى ۋاشىنگتۇندا كۆرگەزمە قىلىندى ۋە 750 ئامېرىكا دوللىرىلىق دەسلەپكى باھا قويۇلدى. ناھىيە مالىيەسىدە قىيىنچىلىق ئېغىر شارائىتتىمۇ، مەدەنىيەت سۆيەر رەھبەرلەرنىڭ قىزغىن قوللىشى بىلەن 2009 ـ يىلى 1 ـ ئايدا «ئاۋات دولان دېھقان رەسساملار ئەسەرلىرى» ناملىق كىتاب بېسىپ تارقىتىلدى. 2009 ـ يىلى 4 ـ ئايدا شېنجېندا ئېچىلغان مەملىكەتلىك ئەل ئىچى رەسىم كۆرگەزمىسىگە 50 نەچچە پارچە ئەسەر قويۇلۇپ، 20 پارچىغا يېقىن ئەسەر 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى 8 نەپەر دېھقان رەسسامنى كەسپىي دېھقان رەسسام دەپ ئەنگە ئېلىپ گۇۋاھنامە تارقاتتى ھەمدە مەدەنىيەت سۆيەر ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ قىزغىن قوللىشى، ناھىيە مالىيەسى جىددىي بولۇۋاتقان ئەھۋالدىمۇ پائال چارە ـ تەدبىر تېپىشى بىلەن ئۇلارغا 2011 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن باشلاپ ھەر ئايدا 600 يۈەن مائاش تارقىتىلدى. شۇنداقلا ئاۋات ناھىيەسى دېھقان رەسساملىقى بويىچە «تەربىيەلەش بازىسى» دەپ بېكىتىلدى.

ئاۋات دولان دېھقانلار رەسساملىقى دولان مەدەنىيىتى گۈلزارلىقىدىكى قايتىدىن كۆكلەپ چىققان خۇش پۇراق ئەتىرگۈل. يېزىق ۋە ناخشا ـ ئۇسسۇل تەشۇىقاتى ئارقىلىق يېتىش تەس بولغان ئىجتىمائىي ئۇنۇم دېھقانلار رەسساملىقىدىن ئىبارەت

ھاياتى كۆچى ناھايىتى زور بۇ مەدەنىيەت تۈرى ئارقىلىق ھەسسىلەپ قولغا كەلتۈرۈلدى. تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغىنى بەزى ئېسىل ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىمىز سۇسلىشىۋاتقان، ھەتتا بەزى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىز يوقىلىشقا يۈزلىنىۋاتقان بۈگۈنكىدەك تەخىرسىز مەزگىللەردە جىجاق ۋە رەڭلەردىن قۇرۇپ چىقىلغان بۇ كاتتا ئۆرپ ـ ئادەت مۇزېيىنىڭ رولى تېخىمۇ مۆلچەرلىگۈسىز، ئەلۋەتتە! ئىشىنىمىزكى، ئۆزلۈكنى تونۇش، مىللەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئاساسى بولغان مەدەنىيەتنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، شۇ ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئىناق جەمئىيەت قۇرۇلۇشىنى پائال يۈكسەلدۈرۈش چاقىرىقى ھەمدە مەدەنىيەتپەرۋەر رەھبەرلەرنىڭ، ھەرساھە كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ، سەنئەت سۆيەر ھەر مىللەت ئاممىنىڭ قىزغىن قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ھەمدە ئىشتىياق بىلەن تەر تۆكۈشى ئارقىسىدا دېھقانلار رەسساملىقىدىن ئىبارەت بۇ شەيئى تېخىمۇ كامال تاپقۇسى!

# مېنىڭ يىلتىزىم

ئائىلە نەسەبنامىسى يېزىپ قالدۇرۇش خەلقىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇزاق يىللار مابەينىدە ئەجداد ـ ئەۋلاد رىشتىنى ئۆزئارا چېتىپ، تارىخنىڭ يورۇق ئەينەكلىرىدە جۇلالانغان ئەجداد ھېكمىتى بىلەن قەلبىمىزنى چەكسىز ئىپتىخارلاندۇرۇپ، روھىمىزغا ئۈمىد ـ ئىشەنچ، جىسمىمىزغا كۈچ ـ قۇدرەت بېغىشلاپ كەلگەن. تارىخىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ھازىرغىچە مۇكەممەل ساقلىنىپ، شۇ ئائىلىنىڭ قىسقىچە تارىخىدىن ئۇچۇر بېرىشتىن سىرت، ئەينى چاغدىكى جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالى، شۇ دەۋردىكى چوڭ ۋەقەلەر، ھەتتا ئاۋام خەلق تۇرمۇشىغىچە بولغان كەڭ مەزمۇنلارنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن بىر قىسىم نەسەبنامىلەر مۇھىم تەتقىقات قىممىتى بىلەنمۇ مۇزېي ۋە تەكچە ـ ساندۇقلاردا ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، ئاۋات ناھىيەسىنى ئېلىپ ئېيتساقمۇ غوروچۆل بازىرى تۇغلۇقئالتۇن كەنتىدىكى بەھرام مىراپ ئائىلىسىدە ساقلىنىۋاتقان ئائىلە نەسەبنامىسى 40 نەچچە ئەۋلادتىن بۇيان قىممەتلىك مىراس سۈپىتىدە قولدىن ـ قولغا ئۆتكۈزۈلۈپ داۋاملاشتۇرۇپ يېزىلىش بىلەن بىرگە، ھەربىر دەۋردىكى بەگ ـ خانلىقنىڭ مۆھۈر تامغىلىرى بېسىلغان بولۇپ، چىن ـ ئىشەنچلىك دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلىقى، ئۆز ئىچىگە ئالغان تارىخىي پاكىتلارنىڭ موللۇقى بىلەن دىققىتىمىزنى ئالاھىدە تارتىپ تۇرىدۇ. ئەمما غوجىلار دەۋرىدىكى مەدەنىيەت ۋەيرانچىلىقى تۈپەيلى ۋە «خەت يازسا يامان بولىدۇ»... قاتارلىق ئىسلام شەرىئىتىگە تامامەن زىت بولغان خۇراپىي بويۇنتۇرۇقلار تەدرىجىي

هالدا ئاۋام خەلقنىڭ ئىدىيەسىنى چۇشەپ (شۇڭا ئەينى دەۋرلەردە بىر قىسىم مەدرىسەلەردە تالىپلار، يەنى ئوقۇغۇچىلارغا خەت يېزىش ئۆگىتىلمىگەن)، ئائىلە نەسەبنامىسى يازىدىغان ئېسىل ئادىتىمىز بارغانسېرى سۇسلىشىپ باردى. «بىزدە يەتتە ئەجدادىنى بىلمىگەن قۇل بولۇر» دېگەن ئېسىل بىر ماقال بار. لېكىن، هالا بۈگۈنكى، كۈنگە كەلگەندە نۇرغۇنلىغان ئائىلىلەر ئۈچ ئەۋلاد جەمەتىدىن بۇرۇنقىسىنى بىلمەيدىغان بىچارە هالەتكە چۈشۈپ قالدى ۋە قېلىۋاتىدۇ. يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارغا قارىتا، بىرىنچىدىن، ئۆز ئەسلىنى ئۇنتۇشتەك كەم ئەقىللىق ۋە باشقا ئامىللار تۈپەيلى خېلى نۇرغۇن مەنىۋى گۆھەرلىرىمىز قاتارىدا بارا - بارا ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقان ئەجداد رىشتىسى — جەمەت شەجەرىسىدىن ئىبارەت بۇ زەر يىپنى قايتىدىن ئۇلاش، ئىككىنچىدىن، فامىلە قوللىنىش ۋە ئائىلە نەسەبنامىسى تۇرغۇزۇش جەھەتلەردە ئازدۇر - كۆپتۇر پايدىسى بولۇپ قالار دېگەن مەقسەت بىلەن هايات ياشاۋاتقان ئۇرۇق - تۇغقانلارنى زىيارەت قىلىش، قايتا - قايتا ئەھۋال ئىگىلەش ئارقىلىق ئاتا تەرەپ ئائىلە نەسەبنامىمىزنى ئاتامدىن باشلاپ بەش ئەجدادىمغىچە رەتلەپ يېزىپ چىقتىم. ئاتا تەرەپ ئاتا - بوۋىلىرىم گەرچە تارىخ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە زور تۆھپە قوشقان ئالاھىدە شەخسلەر ۋە مەشھۇر كىشىلەردىن بولمىسىمۇ، هالاللىق ۋە راستچىللىقنى، ۋىجدان - غۇرۇرنى ئۆزىگە بىر ئۆمۈر دوست تۇتۇپ، يەكەن دەرياسى ۋە تارىم دەريا بويلىرىدىكى خىسلەتلىك توغراقلاردەك ئاددىي، ئەمما قەيسەرلىك بىلەن ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر دولانلىرى قاتارىدا جاپالىق قان - تەرى، كۆمۈلمەس ئاياغ ئىزلىرى بىلەن بۇ زېمىننى گۈللەندۈرۈشكە ئۈن - تىنسىز هەسسە قوشۇپ كەلدى. مەن بۇ ئاددىي، ئائىلە نەسەبنامىسى ئارقىلىق مەنىۋىيىتىمىزدىكى بىر قىسىم ياخشىلىنىشلارنىڭ تۈرتكىسىدە، ئەجدادلار ئەينىكى ۋە يالدامىسى سۈپىتىدىكى ئائىلە نەسەبنامىسى يېزىشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئىشقا مىللىي

كىملىكىنى ساقلاش يولىدا ئىزدىنىۋاتقان ھەربىر كىشى ۋە ھەربىر ئائىلىنىڭ ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد نەسەبنامە يېزىپ قالدۇرۇپ، تارىخنى ئۇزۇپ قويماي داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆز پەرزەنتلىرىگە نەمۇنە قىلىپ قالدۇرۇشتەك ياخشى ئادەتنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە شۇ ئارقىلىق سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تېگىشلىك ھەسسە قوشۇشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

**مۇھەممەد ئاخنىياز** (ئاتام) ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنى «ئاتا ـ ئانا» دەپ چاقىرىدىغان يېقىملىق ئاتاش ئادىتىمىز بويىچە «ئاتام» دەپ ئالدىم): ئاتامنىڭ ئالدىدا چوڭ دادامنىڭ ئىككى ئوغلى كەينى ـ كەينىدىن ئۆلۈپ كەتكەچكە، ئاتام تۇغۇلغاندا بىزنىڭ ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئىسمىنى قويساق تۇرۇپ قالار دەپ ئاتامنىڭ ئىسمىنى مۇھەممەد دەپ قويغانىكەن. بۇلار جەمئىي تۆت بالا بولۇپ، ئۇ بالىنىڭ ئىككىنچىسى، ئوغۇلنىڭ چوڭى.

ئاتام مۇھەممەد ئاخنىياز 1944 ـ يىلى ئاۋات ناھىيەسى ئايباغ يېزىسىنىڭ تۆۋەنكى كۆلاس كەنتىدە تۇغۇلغان (بەزى كىشىلەرنىڭ خاتا ئاتاپ ئادەتلەنگىنىچە ئېيتقاندا، بۇ ھازىرقى 10 ـ كەنت بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن كەنت ـ جاي نامىنى سان بىلەن ئاتايدىغان ناتوغرا ئىشنى ئۆزىمىزدىن باشلاپ تۈزىتىپ ئەسلىي تارىخىي نامى بويىچە ئاتاشنى تەۋسىيە قىلىمەن). 1955 ـ يىلىغىچە ئائىلىسىدە جۇۋاز ھەيدەش، مال بېقىش، تۈگمەن بېقىش، دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىش، قوشۇمچە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان. 1956 ـ يىلى 9 ـ ئايدا كۆلاس 16 ـ باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇغان (شۇ چاغدا مەكتەپلەرنىڭ ناھىيە بويىچە رەت تەرتىپى بولۇپ، كۆلاس مەكتەپ 16 ـ مەكتەپ دەپمۇ ئاتالغان)، 1960 ـ يىلى ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن شۇ چاغدىكى ئېھتىياج بويىچە

يۇقىرى مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا بارماي، ناھىيەلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئېچىلغان ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسىنى لاياقەتلىك پۈتكۈزۈپ، ئاقچېقىل، ئىماپاشا، باغتوغراق، بەشئېرىق قاتارلىق مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى، مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن ۋە بۇ جەرياندا بىر تەرەپتىن، كۇندۈزى مەكتەپنىڭ نورمال ئوقۇتۇش خىزمىتى، ئاخشىمى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش خىزمىتىنى ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا بېرىلىپ ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، شۇنچە ئالدىراشلىق ئىچىدىنمۇ مۇۋاپىق ۋاقىت چىقىرىپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى ئاكتىپ ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۆزى باش بولۇپ بىرلىكتە كېسەك قويۇپ ۋە كەنتتىن ياغاچ ـ تاش ھەل قىلىپ مەكتەپنىڭ كەم سىنىپ، ئىشخانىلىرىنى ۋاقتىدا تولۇقلاپ، يۇقىرىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە، تۆۋەندىكى دېھقان ـ چارۋىچى ئامما ۋە ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قايىللىقىغا ئېرىشكەن. ئۆزگىچە مېتود، جانلىق ئۇسۇللار بىلەن ھەقىقىي كۆيۈنۈپ ئىشلەپ ۋە مائارىپ خىزمىتىگە ئۆزىنى بېغىشلاپ، بىرقانچە مىڭ ئوقۇغۇچىنى تەربىيەلەپ قاتارغا قوشقان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ناھىيە، ۋىلايەتلەردىن باشقا ھازىر ئۇرۇمچىدىكى بىر قىسىم ئالىي مەكتەپ ۋە ئىدارە ـ ئورگانلاردا ئاساسلىق خادىم بولۇپ ئىشلەۋاتقانلارمۇ بولۇپ، ئۇلار جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇپ كەلمەكتە. ئاتام تەشكىلنىڭ تەقسىمىشى بىلەن 1971 ـ يىلىدىن باشلاپ مول ھوسۇللۇق 1ـ مەيدان (ھازىرقى خۋا فۇ خېگىڭ شىركىتى) مائارىپ ئىشخانىسىدا بوغالتىر، مائارىپ پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى، مائارىپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەن مائارىپ سېپىدە 41 يىل ئىشلەپ، 2001 ـ يىلى 6ـ ئايدا شەرەپ بىلەن پېنسىيەگە چىقتى. خىزمەت داۋامىدا ۋاقتىنى بوش ئۆتكۈزمەي ئاخباراتچىلىق، يېزىقچىلىق ئىشلىرىغا قىزىقىپ، شۇ جاي ياكى خىزمەت ئورنىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى

ئىش، يېڭى ئادەملەرنى خەۋەر، تەپسىلىي خەۋەر، زىيارەت خاتىرىسى قىلىپ يېزىپ «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى گېزىتى»، «ئاقسۇ گېزىتى»، قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرغان ۋە كۆپ قېتىم ئاپتونوم رايون بويىچە «مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىر» بولۇپ تەقدىرلەنگەن. پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىنمۇ «شىنجاڭ ياشلىرى»، «بىلىم كۈچ»، «پەن ۋە تۇرمۇش» ژۇرنىلى ۋە باشقا گېزىت ـ ژۇرناللاردا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش، ساغلاملىق، ساقلىقنى ساقلاش مەزمۇنىدىكى خېلى كۆپ ماقالىسى ئېلان قىلىنىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئاتام يەنە كىتاب ـ ماتېرىيال ساقلاشقا ئالاھىدە ھېرىسمەن بولۇپ، كىتاب ئىشكاپىدا مىڭ پارچىگە يېقىن كىتاب ـ ژۇرنال ساقلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئىزچىل ھالدا ئۆزى قىزىققان ياخشى كىتابلارنى سېتىۋېلىپ ئوقۇپ كېلىۋاتىدۇ. تارىخىي بىلىملەرگە، تارىخىي شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالىغا، ساغلاملىق بىلىملىرىگە ئالاھىدە قىزىقىدۇ. پېشقەدەملەردىن، كۆپنى كۆرگەن، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن چوڭلاردىن ئۆتمۈشتىكى ھېكايىلەرنى قىزىقىپ ئاڭلايدۇ ۋە جەمەت نەسەبىنى ئېنىقلاپ رەتلەشكە ئالاھىدە قىزىقىدۇ ۋە كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان. ئۆز قىزىقىشىغا دائىر تۈرلۈك بىلىملەرنى ئۆگىنىشنى ئۆز ئادىتىگە ئايلاندۇرغان بولۇپ، ئەرەب تىلىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، «قۇرئان كەرىم» نى بىمالال ئوقۇغۇدەك سەۋىيەگە يەتكەن.

ئاتام تۇرمۇش ئادىتىدە ئەمگەكنى، ھالال مېھنەتنى ھەمدە مەيلى ئاز ـ ئازدىن بولسىمۇ يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىشنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغان بولۇپ، 50 نەچچە ياشلارغا كىرىپمۇ ئۇلاقچىلىق ۋە باغ پەرۋىشىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ھەرخىل مېۋىلىك دەرەخلەر تەڭ ئاينىغان بىر باغ بەرپا قىلغان. كەپتەر ـ قارچۇغا بېقىش، ئوۋ ـ ئوۋلاش، ئۇزۇم شىرىنىسى قاينىتىش قاتارلىق ئىشلارغىمۇ قىزىقىپ، ئاز ـ تولا ئۇنۇمىنى كۆرگەن ۋە شۇ

ئارقىلىق مەنۋىيىتىنى بېيىتىپ كەلگەن.
ئاتام ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، ئەخلاقلىق، تىرىشچان، ئەمگەكچان، كەمبەغەل ـ ئاجىزلارغا ياردەم بېرىشنى شەرەپ دەپ بىلىدىغان، ياخشىلىق ئىزدەيدىغان خۇش مىجەز ئادەم بولۇپ، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قوشنا ـ قولۇملار بىلەن ئوبدان ئۆتۈپ، جەمئىيەتتە ياخشى تەسىر قالدۇرغاچقا، كىشىلەر چىرايلىق نام بىلەن «مۇئەللىم» دەپ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قىلىپ كەلمەكتە.
**ئاخنىياز مامۇت (چوڭ دادام):** 1901 ـ يىلى ئايباغ يېزىسىنىڭ تۆۋەنكى كۆلاس كەنتىدە تۇغۇلغان. بۇلار جەمئىي بەش بالا بولۇپ، ئۇ بالىنىڭ بىرىنچىسى. دىنىي مەكتەپتە (موللامدا) ئوقۇپ، قۇرئان ساۋاتى چىققاندىن كېيىن دېھقانچىلىق، تۆمۈرچىلىك، جۇۋازچىلىق، تۇگمەن بېقىش، مال بېقىش بىلەن شۇغۇللانغان. 1936 ـ يىللىرى جاھان كېزىش، ساياھەت قىلىش ھەۋىسى بىلەن چوڭ ئانام قۇربانخان روزىنى ئېلىپ غۇلجا شەھىرى جىلىۋزى ناھىيەسىنىڭ بۇلاق دادامتۇ كەنتىدىكى بىر خۇيزۇنىڭ ئۆيىدە ئۈچ يىل ئوتاقچىلىق، جۇۋازچىلىق قىلغان. 1939 ـ يىلى ئاتا ـ ئانىسىنى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى، يۇرتىنى سېغىنىپ ئۆز كەنتىگە يېنىپ كېلىپ تۆمۈرچىلىك، جۇۋازچىلىق، دېھقانچىلىق، تۇگمەنچىلىك قاتارلىق كۆپ خىل قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. 1951 ـ ۋە 1952 ـ يىللىرى زومىگەر پومېشچىكلارغا قارشى تۇرۇپ، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ۋە يەر ئىسلاھاتى گۇرۇپپىلىرىنىڭ ھەيئىتى بولۇپ، پومېشچىك، باي دېھقانلارغا قارشى تۇرۇش، كەمبەغەل، تۆۋەن، ئوتتۇرا دېھقانلارغا مال ـ مۈلۈك ۋە يەر تەقسىم قىلىپ بېرىش ھەرىكىتىگە قاتناشقان. 1958 ـ يىلى ئايباغ تەمىنات سودا كوپېراتىپىغا ئىشچى بولۇپ كىرىپ، 1975 ـ يىلغىچە 18 يىل ئىشلىگەن، 1975 ـ يىلى پېنسىيەگە چىقىپ، 1979 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى 78 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

كەپتەر بېقىش، مال بېقىش، قارچۇغا قوشلاش، ئوۋ ئوۋلاش قاتارلىق ئىشلارغا ھەۋەس قىلىپ، ئوۋچىلىق بىلەن ئاز ـ تولا تونۇلغان. مىجەزى ئاق كۆڭۈل، دائىم ياخشىلىق ئىزدەيدىغان، پاراڭچى، خۇش چاقچاق ئادەم بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ كەلگەن.

**ماموت ئىسمايىل (بوۋام):** 1883 ـ يىلى ئايباغ يېزىسىنىڭ تۆۋەنكى كۆلاس كەنتىدە قول ھونەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. بۇلار جەمئىي بەش بالا بولۇپ، ئۇ بالىنىڭ ئۈچىنچىسى، ئوغۇلنىڭ چوڭى. 1895 ـ يىلىغىچە دىنىي ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تۆمۈرچىلىك، قوشۇمچە دېھقانچىلىق، جۇۋازچىلىق ۋە توگمەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. ئاساسلىق تۆمۈرچىلىكنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۆگىنىپ يىراق ـ يېقىندا «ماموت ئۇستام» دەپ نام ئالغاچقا، يۇرت كاتتىلىرىنىڭ تەلىپى بويىچە ئاۋات بازىرى، غوروچۆل بازىرى، ئاقسۇنىڭ چوغتال قاتارلىق جايلىرىدا تۆمۈرچىلىك قىلغان. 1942 ـ يىللىرى ئەتراپىدا شۇ چاغدىكى ھۆكۈمەت ئاقسۇ دەرياسىغا ياغاچ كۆۋرۈك (ھازىرقى جا كۆۋرۈك) سېلىش ئۈچۈن غەربى تۆت ناھىيەدىكى يۇرت ئىچىدە نامى چىققان ياغاچچى، تۆمۈرچىلەرنى يىغقاندا شۇ قاتاردا جاكۆۋرۈكنى سېلىش قۇرۇلۇشىغا باشتىن ئاياغ قاتنىشىپ، كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىدا مۇناسىپ تۆھپە ياراتقان، 1949 ـ يىلى 7 ـ ئايدا 66 ـ يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. بۇ كۆۋرۈك 1965 ـ يىللىرىغىچە ساقلىنىپ كەلگەن (ئورنى ھازىرقى كۆۋرۈكنىڭ جەنۇب تەرىپىدە) مىجەزى ئاق كۆڭۈل، كەڭ قورساق، ئېغىر بېسىق، سەۋر ـ تاقەتچان، تەمكىن، مۇلايىم كىشى بولۇپ، جامائەت ئىچىدە يۇرت كاتتىلىرى قاتارىدا ئالاھىدە ھۆرمەتلىنىپ كەلگەن. قارچۇغا بېقىش، ئوۋ ئوۋلاشقا ماھىر بولۇپ ئوۋلاش جەريانىدا يۇتۇق (ئوۋ) نى خېلى يىراقتىن پەرق ئېتەلىگەچكە، باشقا ئوۋچىلارغا قارىغاندا قىرغاۋۇل، توشقاننى جىق تۇتقان.

**ئىسمايىل ئابلا (چوڭ بوۋام):** تەخمىنەن 1863 ـ يىلى ئايباغ يېزىسىنىڭ تۆۋەنكى كۆلاس كەنتىدە قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. قۇرامىغا يەتكۈچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولۇپ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. ئاتا كەسپى تۆمۈرچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ۋە ئۇستا تۆمۈرچى بولۇپ تونۇلۇپ، يىراق ـ يېقىنغا داڭقى چىققان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، 1919 ـ يىلى 56 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

**ئابلا ئۇستام (ئۇلۇغ بوۋام):** ئاۋات ناھىيەسىدىكى كونا يۇرتلارنىڭ بىرى تامتوغراق يېزىسىنىڭ ئۈجمە كەنتىدە ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان (دولان مەدەنىيىتى بويىچە نوپۇزلۇق تەتقىقاتچى مۇھەممەد ئوسمان ئاكىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىچە، «تامتوغراق يېزىسىغا قاراشلىق ئۈجمە كەنت خەلقلىرى قەدىمىي دولانلىقلاردىن بولۇپ، تارىم بوستانلىقلىرىغا كەتكەن تۇنجى كۆچمەنلەر قاتارىدا شۇ جايدا مەھەللە بەرپا قىلىپ ياشىغىلى تەخمىنەن 1500 يىل بولغان»).[①] قۇرامىغا يەتكۈچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان ھەمدە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغاندىن كېيىن، ئايباغ يېزىسىنىڭ تۆۋەنكى كۆلاس كەنتىگە كېلىپ ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، بىر ئۆمۈر تۆمۈرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئالەمدىن ئۆتكەن.

چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە، يەتتىنچى بوۋىمىزدىن باشلاپلا تۆمۈرچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنىكەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا «مەركىزىي ئاسىيالىقلارنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان مۇھىم تۆھپىسى ھېسابلىنىدىغان، ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلاردىن 4800 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان تۆمۈر تاۋلاش ھەمدە شۇ ئارقىلىق دېھقانچىلىق، ئوۋچىلىق ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان تۈرلۈك قورال ـ سايمانلارنى ياساش تېخنىكىسى»[②] مېنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمغا ئوخشاش سانسىزلىغان ئەقىل ـ پاراسەتلىك، چېۋەر ئۇيغۇر

ئۇستىلارنىڭ قولىدا ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە داۋاملىشىپ بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن.

**ئىزاھاتلار:**

① ئاتام مۇھەممەد ئاقنىياز ۋە باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن ئېلىپ بارغان كۆپ قېتىملىق سۆھبەت خاتىرىسى.

② مۇھەممەد ئۇسمان ئەمرى: «دولان مەشرەپ مۇقاملىرى»، 1993 ـ يىل 1 ـ قىسىم.

③ غەيرەتجان ئوسمان: «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى 5ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 177 ـ، 281 ـ بەتلەر.

# دولان يۇرتىدا مۇقام بايرىمى

(5 ـ نۆۋەتلىك ئاقسۇ كۆسەن مەدەنىيىتى ساياھەت بايرىمىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى، ئاۋات ناھىيەسىنىڭ 3 ـ نۆۋەتلىك دولان مەدەنىيىتى ۋە مۇسەللەس بايرىمى سېنارىيەسى)

(بايرام تېمىسىغا ماس ھالدا لايىھەلەنگەن دېكوراتسىيە ئالدىدا ئاۋات ناھىيەسى ئەل ئىچى ئەلنەغمىچىلەر ئەترىتىدىن 40 نەپەر ئەلنەغمىچى، ناھىيەلىك دولان ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىدىن 15 نەپەر مۇزىكانت ۋە ئۇسسۇلچىلار سەھنىدە ئۆز رەت تەرتىپى بويىچە، سازلىرىنى تەييارلاپ چىرايلىق جايلىشىپ ئولتۇرىدۇ. رىياسەتچى ئا ، ب لار سەھنىگە چىقىدۇ. ئەرزىھال باياۋان مۇقامى پەس ئاۋازدا قويۇلۇپ تۇرىدۇ.)

رىياسەتچى ئا: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك رەھبەرلەر، مېھمانلار ۋە بارلىق مەشرەپ ئەھلى، سىلەرگە 220 مىڭ ئەمگەكچان ئاۋات خەلقىدىن قىزغىن سالام!

ئاقسۇ دەرياسى بويلىرىدىكى كەڭرى كەتكەن ياپيېشىل ۋادىلاردا ئۆزىنىڭ ھالال مېھنىتى بىلەن بۇ بىپايان بوستانلىقنى ياشنىتىپ ۋە گۈللىتىپ كەلگەن تىرىشچان، ئەمگەكچان، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئاقسۇ خەلقى قەدىمدىن بۇيان، ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولغان بۇ زېمىندا مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ ئورتاق كۈرەش قىلىپ، تارىخنىڭ ئۇزۇن ۋە پارلاق سەھىپىلىرىنى بوگۇنگىچە ئۇلاپ ۋە جۇلالاندۇرۇپ كەلدى. قېنىدا سەنئەت گېنى مەۋج ئۇرۇپ تۇرىدىغان ھېسسىياتقا باي بۇ ئەمگەكچان خەلق ھايات لەززىتىنى جاپالىق ئەمگەك مۇھىتىدىنلا ئىزدەپ قالماستىن،

ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەممە كارتىنىلىرىغىچە سىڭىپ كەتكەن مول ۋە
پارلاق مەدەنىيەت خەزىنىسىنىمۇ بارلىققا كەلتۈرۈپ، ھاياتىنىڭ
ھەر بىر قاتلاملىرىنى گۈزەل ۋە سىرلىق رەۋىشتە نامايان قىلىش
ئۈچۈن توختاۋسىز ئىزدەندى ۋە بارلىقىنى بېغىشلىدى. ئەسىرلەر
داۋامىدا، بۇ مەدەنىيەت خەزىنىسى كۆسەن ۋە دولاندىن ئىبارەت
ئىككى ئېقىنغا ئايرىلىپ ئۈزۈكسىز گۈللەپ ياشناپ، جۇڭخۇا
مەدەنىيەت خەزىنىسىدە سالماق ئورۇنغا ئۆتتى. يېڭى جۇڭگو
قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان
30 يىلدىن بۇيان، پارتىيەمىزنىڭ پارلاق مىللىي سىياسىتىنىڭ
نۇرى ئاستىدا، بۇ ئىككى ئېقىن سۈپىتىدىكى كۆسەن ۋە دولان
مەدەنىيىتى تېخىمۇ جۇلالىنىپ ۋە نۇر چېچىپ، ئىچكىرى ئۆلكە،
پايتەخت، ھەتتا چەت ئەللەرگىچە نامايان قىلىنىپ، كاتتا ۋە زور
شان ـ شەرەپلەرگە نائىل بولدى.

يەكەن دەرياسى ۋە تارىم دەرياسى بويلىرىدىكى قەدىمىي بىپايان
توغراقلىقلارنى ماكان تۇتۇپ، قەيسەرلىك بىلەن ياشاپ كېلىۋاتقان
مۇشۇ خاسىيەتلىك زېمىندىكى دولان خەلقىمۇ تۇرلۇك بوران ـ
چاپقۇنلارغا باش ئەگمەي، خۇددى توغراقلاردەك قەيسەرلىك بىلەن
ياشاپ، ئۆزى ياشاۋاتقان بۇ يۇرتنى، ئاتا ـ بوۋىسى ياتقان قەدىمىي
جايلار، مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى ۋە ساياھەت نۇقتىلىرىنى
قوغداپ، ئېچىپ ۋە گۈللەندۈرۈپ، ئۆزىگە خاس بولغان دولان
مەدەنىيىتىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلدى ۋە راۋاجلاندۇردى. دولان
مەدەنىيەت خەزىنىسىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغان دولان
مەشرەپلىرى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئاساسىي قىسمى بولغان مۇقام
ئەلنەغمىلەر، ئۆزگىچە بولغان يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ
كېچەك، ھۈنەر ـ سەنئەت ۋە باشقا تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرى
نۆۋەتتە تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ مۇھىم تەتقىقات تېمىلىرىغا
ئايلاندى.

رىياسەتچى ب: دولان مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمكى بۆشۈكلىرىدىن
بىرى بولغان ئاۋات ناھىيەسىدە بۇگۈنكى بۇ ساياھەت بايرىمىنىڭ

ئۈتكۈزۈلۈشمۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تارماقلارنىڭ دولان مەدەنىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشى ۋە قوللىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا، ئاۋات ناھىيەسىنىڭ 2008 ـ يىللىق بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىغا بېغىشلانغان كاتتا سوۋغىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، 5 ـ قېتىملىق ئاقسۇ كۆسەن مەدەنىيىتى ساياھەت بايرىمى، 3 ـ قېتىملىق دولان مەدەنىيىتى ۋە مۇسەللەس بايرىمىنىڭ ناھىيەمىزدە ئېچىلغانلىقىغا يەنە بىر قېتىم قىزغىن ئالقىش ياڭرىتىمىز.

رىياسەتچى ئا ، ب: (تەڭ سۆزلەيدۇ.)

توي بۈگۈن بايرام بۈگۈن، ھەممە يەر قاينام بۈگۈن،
بۇ ساياھەت بايرىمىدا قىزىسۇن مەشرەپ بۈگۈن.
سايرىسۇن قالۇن، راۋاب، ياڭرىسۇن شوخ نەغمىمىز ،
ھەممىمىزگە مەرھەمەت، پەلەكنى قۇچسۇن بەزمىمىز.

(شۇنىڭ بىلەن 1 ـ نومۇر «باش باياۋان مۇقامى» بىلەن مەشرەپ باشلىنىدۇ. 55 نەپەر ئەلنەغمىچى سەھنىدە باش باياۋان مۇقامىنى ئورۇندايدۇ، پەستە خەلق مەيدانىدىكى چوڭ چەمبىرەك ئىچىدە 2600 ئادەم ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. سىيرىلمىسىغا كەلگەندە مىرىۋاز ئا قوشاق باشلايدۇ.)

مىرىۋاز ئا :

شىرىق شىرىق ئىككىكام 40
ئادىمەتچىلىك تەڭ دىمەتچىلىك
ئاغىنىدارچىلىق قوشنىدارچىلىق
مەشرىپىمىزنىڭ قىزىتمىسى
30 ئوغۇل 9 قىزنىڭ ھۆرمىتىگە

تاماشا ئاكامدىن مىڭ دوللار كەتتى
داۋۇت ئاخۇندىن مىڭ سەر ياچەن كەتتى
ساۋۇت ئاخۇندىن بەش مىڭ سەر داچەن كەتتى
سىلىماخۇندىن ئىككى كاللەك موچەن كەتتى
كەتتى، كەتتى ئۇجمە، يىگئىرىقتىن كەتتى
ئايكۆل سايرىقتىن كەتتى
ئاقسۇ قوش ئېرىقتىن كەتتى
قۇمباش بەشئېرىقتىن كەتتى
ئاۋات غوروچۆلدىن كەتتى
قۇملۇق چىغان چۆلدىن كەتتى
نەغمىكەشنىڭ هۆرمىتىگە
ئۇسسۇلچىلارنىڭ ئىززىتىگە
مېهمانلارنىڭ هىممىتىگە
مەشرىپىمىزنىڭ نېمىتىگە
ساز نەغمىسى بىلەن كەتتى
ئۇسسۇل بەزمىسى بىلەن كەتتى
كەتتى كەتتى . . . . . . . .
نەغمىچىلەر قىزىپ كەتتى
ئۇسسۇلچىلار هېرىپ كەتتى
پۇت ـ قوللىرى تېلىپ كەتتى
يۈرەكلىرى سىلىپ كەتتى
ئوينىغانلار ئويناپ كەتتى
ئوينىمىغانلار نەگە كەتتى
نەغمىچىلەرنىڭ ئاۋۇيى...

(ئاندىن كېيىن مىرىۋاز ئا نىڭ ئارقىسىدىن مىرىۋاز ب، س، د لار بىرىنىڭ كەينىگە بىرى ئۇلىشىپ قوشاق ئېيتىدۇ. مىرىۋازنىڭ قوشىقى تەڭ تۇگەپ، سىيرىلمىنىڭ 2ـكۇپلىتى باشلىنىشى بىلەنلا تۆت يىگىت ئىككى ئۇسسۇلچى بوۋاينى پەستىكى مەركىزىي

چەمبىرەك سورۇنغا كۆتۈرۈپ ئەپچىقىدۇ. بۇلار كۆپچىلىك بىلەن بىرگە ئۇسسۇل ئوينايدۇ. مۇزىكا ئاخىرلىشىش بىلەن تەڭ 1 ـ نومۇر ئاخىرلىشىدۇ.)

**2 ـ نومۇر: «مۇغال باياۋان مۇقامى»**

(رىياسەتچى ب سەھنىگە چىقىدۇ.)

رىياسەتچى ب:

دولان دىمەك، ئاۋات دىمەك،
بەكمۇ ھەق سۆزدۇر.
باغلىرى بار قەدەمدە بىر،
ئۇزۇككە كۆزدۇر.
ئالما، ئۈزۈم، چىلان، ياڭاق
خۇددى يۇلتۇزدۇر.
باغۋاراندا ياشنىغاچ ئەل،
تۈنمۇ كۈندۈزدۇر.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ «دېھقانچىلىق كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، چىلان، ياڭاقنى ئاساس قىلغان باغباراڭ كۆلىمىنى زورايتىپ، 2010 ـ يىلىغا بارغۇچە باغۋەنچىلىكنى دېھقانلارنىڭ 8 مىڭ يۈەندىن 10 مىڭ يۈەنگىچە بولغان كىرىم قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرۈشتىكى ئاساسلىق كىرىم مەنبەسىگە ئايلاندۇرۇش» تەك دانا تەدبىرىنىڭ تۈرتكىسىدە، باغباراڭ كۆلىمى يىلمۇ يىل ئاشتى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىممۇ كۆپەيدى. قېنى ھەممەيلەن ئاشۇ خۇشاللىقتا تەنتەنە سۈپىتىدە «موغال باياۋان مۇقامى» دىن ھۇزۇر ئالايلى!

(مۇقام باشلىنىدۇ. تۆۋەندىكى ئۇسسۇلچىلار ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. سىيرىلما قىسمىدا 4 نەپەر مىرىۋاز مىرىۋازلىق قوشاقلىرىنى توۋلاپ مەشرەپنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرىدۇ.)

3 ـ نومۇر : «مۇسەللەس»

(ئا ، ب رىياسەتچى سەھنىگە چىقىدۇ. ئا رىياسەتچىنىڭ سۆزى باشلىنىش بىلەن تەڭ 20 نەپەر مۇلازىمەتچى 20 پەتنۇستا مۇسەللەس كۆتۈرۈپ چىقىپ، بەلگىلەنگەن ئورۇندا ئولتۇرغان ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت رەھبەرلىرى، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ 300 نەپەر مېھمانغا مۇسەللەس قۇيۇپ، ئېھتىرام بىلەن تۇتىدۇ.)

رىياسەتچى ئا: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاۋات ناھىيەسى يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تارماقلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، غەيرىي ئاغزاكى ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قېزىش، رەتلەش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، 7 تۈرنى يۇقىرىغا يوللىدى. بۇنىڭ ئىچىدە دولان مەشرىپى، دولان مۇقامى، دولان راۋابى ۋە مۇسەللەس ئىشلەش تېخنىكىسى ئاپتونوم رايوننىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى غەيرىي ئاغزاكى ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكىگە، بۇنىڭ ئىچىدە دولان مەشرىپى دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ئاغزاكى ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى. دولان دىيارىدىكى ئىجادكار ئاۋات خەلقى «دورا»، «شاراب»، «بورقا»، «مۇسەللەس» دېگەنناملاردا ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بۇ ئەنئەنىۋى ئىچىملىكنى تۈرلۈك ئىنچىكە ھۈنەر ـ تېخنىكىلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بىر قىسىم كېسەللىكلەرگە ۋە سالامەتلىككە پايدىلىق بولۇش ئاساسىدا ۋايىغا يەتكۈزۈپ قايناتقىنى بىلەن بىرگە، توي ـ تۆكۈن، ھېيت ـ ئايەم ۋە بەزمە مەشرەپلەردە ئەتىۋارلىق مېھمانلارغا ھۆرمەت بىلەن تۇتۇپ كەلمەكتە. قېنى ھۆرمەتلىك مېھمانلار، 2007 ـ يىلى «جۇڭگو مۇسەللەس يۇرتى» نامىغا ئېرىشكەن بۇ يۇرتنىڭ ئاشۇ ئېسىل مۇسەللىسىدىن بىر پىيالە تېتىپ باقايلى! (رىياسەتچى ئا، ب لار مېھمانلار بىلەن تەڭ مۇسەللەس ئىچىدۇ.)

رىياسەتچى ب: (رىياسەتچى ب سۆزنى باشلاش بىلەن بىرگە 10 نەپەر مۇلازىمەتچى مېھمانلارغا پەتنۇس، پەتنۇسلاردا تۇخۇم

تۇتىدۇ.) ئاۋات ناھىيەسىدە ئۇيىنىلىپ كېلىۋاتقان دولان مەشرەپلىرىدە مۇنداق ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك بار. ئۇ بولسىمۇ تۇخۇم چېكىشتۈرۈش. تۇخۇم تارىختىن بۇيان بەدەننى قۇۋۋەتلەيدىغان يېمەكلىك بولۇش بىلەن بىرگە، قۇدا ـ باجىلار بىر ـ بىرىگە ۋە كۈيئوغۇللىرىغا تۇخۇم قويۇشۇپ ئۆزئارا ھۆرمەت بىلدۈرۈشنىڭ ۋاسىتىسى قىلىپ كەلگەن. مېھماندارچىلىق، بەزمە ـ باراۋەتلەردە تۇخۇم چېكىشتۈرۈش ئويۇنى ئويىنىلىش ئارقىلىق، سورۇن تېخىمۇ مولالاشقان ۋە مەزمۇنى بېيىغان. ھەر قانداق سورۇندا بۇ ئويۇننىڭ ئۆزىگە خاس قائىدىسى بولۇپ، بىرىنچىدىن، ئۆزئارا تۇخۇم چېكىشتۈرگەندە، تۇخۇمى چېقىلغانلار يېڭىلگان ھېسابتا مۇسەللەس ئىچىدۇ. ئىككىنچىدىن، تۇخۇمنى قولغا ئېلىپ چېكىشتۈرمەي يەۋالغانلار ئۇتتۇرغان ھېسابلىنىپ مۇسەللەس ئىچىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئۇدا ئۈچ تۇخۇمنى يېڭىپ ئۇتۇپ چىققۇچىلار مۇكاپات تەرىقىسىدە بىر پىيالە مۇسەللەس ئىچىدۇ. قېنى ئەمىسە ھۆرمەتلىك مېھمانلار، تۇخۇملىرىمىزنى چېكىشتۈرۈپ سىناپ باقايلى! (مېھمانلار تۇخۇم چېكىشىدۇ، ئا، ب رىياسەتچىلەر بەزىلەرنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تەكلىپ قىلىپ سورۇننى قىزىتىدۇ. تاماشىبىنلار ئارىسىدىن بىرەيلەن ‹گۇناھكار› تۇخۇمنى يەۋالىدۇ. بۇنى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان كىشى ‹دەۋاگەر› كۆرۈپ قالىدۇ ۋە ئىككى تەرەپكە قاراپ ياقىسىنى تۇتۇپ ھەيران قېلىش ھالىتىنى ئىپادىلەيدۇ. تۆت جۈپ پۇتچى تۆت تەرەپتىن تەرتىپ بويىچە بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ بېيىت ئېيتىپ پوتا ئوينايدۇ. پوتا تۈگىشىگە دەۋاگەر رىياسەتچىگە ئەرز ـ ھالىنى ئېيتىدۇ.)

دەۋاگەر: يىگىتبېشى، ئەرزىم بار.

رىياسەتچى ئا: قېنى ئېيت.

دەۋاگەر: ئايباغ قاغىمۇشتىن كەلگەن ياسىن ھەسەن ئەدەپ ـ قائىدىنى بۇزۇپ، مېھمانلارنى ھۆرمەت قىلماي، تۇخۇم قائىدىسىنى كۆزگە ئىلماي، چۆلدىن چىققان كالىدەك تۇخۇمنى چالا سويۇپ، شاكىلى بىلەن يەۋەتتى. شۇڭا بىزنىڭ مەشرەپ قائىدىمىز بويىچە

چاره كۆرۈپ بەرسىلە.

رىياسەتچى ئا: قېنى مىرشاپ، گۇناھكارنى ئەكىرىڭلار! (ئىككى ئىجراچى گۇناھكارنى يالاپ ئەكىرىدۇ، رىياسەتچى ئا، ب لار پىچىرلىشىپ مەسلىھەتلىشىدۇ.)

رىياسەتچى ئا: بۇ ئەدەپسىزگە پاختا ئېتىش جازاسى بېرىلسۇن. ئۇستام، شاگىرتلار سەھنىگە چىقىپ دەرھال ئىجرا قىلسۇن! (پاختا ئاتقۇچى ئۇستام ئېگىشىپراق ئۆرە تۇرىدۇ. گۇناھكار يۇكۇنۇپ ئولتۇرىدۇ. كەينىدە تۆت نەپەر پاختا توشۇغۇچى گۇناھكارغا نۆۋەتلىشىپ تۇماق كەيدۇرىدۇ. ئاتقۇچى ئۇستام تۇماقلار گۇناھكارنىڭ بېشىغا نۆۋەت بىلەن كەيدۈرۈلۈپ بولغۇچە ئۈزلۈكسىز شاپىلاق بىلەن ئۇرۇپ يەرگە چۈشۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ جەرياندا ئويۇن چىقىرىپ، گۇناھكارنىڭ ئېڭەكلىرىگە، يۈزلىرىگىمۇ پات ـ پات شاپىلاقلاپ ئۇرۇپ تۇرىدۇ...)

جازالىغۇچى: (توۋا قىلىدۇ) ۋاي داد، توۋا قىلدىم، گۇناھىمنى كەچۈرسەڭلار.

رىياسەتچى ب: مەشرەپ ئەھلى، ئەمدى بولدى قىلىپ، مەزكۇرنىڭ گۇناھىدىن ئۆتسەك. جازا مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن. قېنى ئەمىسە مېھمانلار نۆۋەتتە دولامەت مۇقامىدىن ھۇزۇرلانغايسىلەر! (دولامەت مۇقامى باشلىنىدۇ. مەشرەپ ئەھلىمۇ ئىختىيارىي ئوينايدۇ. شۇنىڭ بىلەن 3 ـ نومۇر ئاخىرلىشىدۇ.)

**4 ـ نومۇر: «ساموك باياۋان مۇقامى»**

(رىياسەتچى ئا سەھنىگە چىقىدۇ.)

رىياسەتچى ئا: توغراق ـ دولانلىقلارنىڭ سىمۋولى، شۇنداقلا دولان مەدەنىيىتىنىڭ يىلتىزى. دولانلىقلار دولان دەريا بويلىرى، تەكلىماكان قۇم بارخانلىرى، تارىم بوستانلىقلىرىنى ماكان تۇتۇپ، «تىك تۇرۇپ مىڭ يىل، تويىنى باغاشلاپ مىڭ يىل، تويىنىڭ ئاستىدا مىڭ يىل ياشايدىغان» توغراقلار بىلەن تەقدىرداش بولۇپ ياشاپ كەلدى ۋە توغراقنى ئاساس قىلغان ساياھەت مەنزىرە رايونلىرىنى قۇردى. تۆۋەندە ئاشۇ توغراقلىرىمىز

مەدھىيەلەنگەن «ساموڭ باياۋان مۇقامى» دىن ھۇزۇر ئالايلى!

(مۇقام باشلىنىدۇ. ئۇسسۇلچىلار ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. سىيرىلما قىسمىدا 4 نەپەر مىرئۇۋاز مىرئۇۋازلىق قوشاقلىرىنى توۋلاپ مەشرەپنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرىدۇ.)

**5 ـ نومۇر: «زىل باياۋان مۇقامى»**

(رىياسەتچى ئا سەھنىگە چىقىدۇ.)

رىياسەتچى ئا: دولان توغىراقتىكى ساياھەت مەشرىپىنى ئوينىغىلى كارۋانلار تۆگىلىرى بىلەن، دولان ئايىمقىدىكىلەر ئارغىماقلىرى بىلەن، غورروچۆلدىكىلەر ئۇزۇن پاچاقلىرى بىلەن، دولان دەريا بويىدىكى غوجىئالدىرغاق غازلىرى بىلەن، ئۇسسۇلچىلار پىيالە ئۇسسۇللىرى بىلەن، تالللىق باغدىكى ساھىبخانلار كوزا ـ كوزا مۇسەللەسلىرى بىلەن بۇ كاتتا مەشرەپكە جەم بوپتۇ. قېنى، مېھمانلارنىڭ شەرىپىگە زىل باياۋان مۇقامىدىن ھۇزۇر ئالايلى!

(شۇنىڭ بىلەن زىل باياۋان مۇقامى باشلىنىدۇ. 55 نەپەر مۇزىكانتنىڭ ئورۇندىشىدا 24 نەپەر ئۇسسۇلچى سەھنىدە ئۇسسۇل ئوينايدۇ. مۇقامنىڭ سەنەم قىسمىدا بىر نەپەر ئۇسسۇلچى پىيالە ئۇسسۇلى ئوينايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 8 ئادەم ئارغىماق، غاز، تۆگە سىياقىدا ياسىنىپ سەلىقىسىغا كەلگەندە ئارغىماق سەھنىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن، غازسەھنىنىڭ سول تەرىپىدىن، تۆگە 2000 نەپەر ئۇسسۇلچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ بىرلا ۋاقىتتا سەھنىگە چىقىپ، ئات، تۆگە، غاز ئۇسسۇلىنى رەت ـ رېتى بويىچە ئوينايدۇ. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ئۇزۇن پاچاق سەھنىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن چىقىپ سىيرىلمىنىڭ بىر كۇپلېتىغا ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سەھنىنىڭ سول تەرىپىدىن غوجىئالدىرغاق چىقىدۇ. ئارقىدىنلا مۇقامنىڭ سىيرىلما قىسمىدا تۆت نەپەر ئەر ئۇسسۇلچى ئاپپاق ساقاللىق ئىككى نەپەر پېشقەدەم ئۇسسۇلچىنى كۆتۈرۈپ سەھنىگە ئەكىرىدۇ. بۇ ئىككى نەپەر پېشقەدەم ئۇسسۇلچى ئۇلارنىڭ يەلكىسىدە تۇرۇپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. دولان ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىدىكى 8 نەپەر ئەر ئۇسسۇلچى مۇسەللەس تۇڭىنى كۆتۈرۈپ

ئۇلارنى چوڭرگىلەپ شەربەت مۇسەللەس ئۇسسۇلى ئويناپدۇ. مۇزىكىنىڭ تۈگىشى بىلەن ئۇسسۇل ئاخىرلىشىدۇ.)

**6 ـ نومۇر: «دولان ناۋاسى مۇقامى»**

(رىياسەتچى ب سەھنىگە چىقىدۇ.)

رىياسەتچى ب: بۈگۈنكى بۇ كاتتا بەزمىدە بىباھا دولان مۇقاملىرىغا تەڭكەش قىلىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقىنىمىزدا، مۇشۇ مۇقاملارنى بىزگىچە يەتكۈزگەن پېشقەدەم مۇقامچىلاردىن مەرھۇم ئاۋۇت مۇسا، مەمتاۋلا راۋاب، ئىمىر ئەمەت، سەمەت سوپى، ئىمرەمزى قۇربان... قاتارلىق مۇقام پېشۋالىرىمىزنى ئەسلىمەي، ئۇلارغا سېغىنىش ئىچىدە ئېھتىرام بىلدۈرمەي تۇرالمايمىز. مانا هازىر ئاشۇ سەنئەتخۇمار ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بىزگە قالدۇرغان بۇ تەۋەررۇك مىراسنى ئۇزۇلمەس ئېقىن سۈپىتىدە ئەۋلادلارغا قالدۇرۇش يولىدا هارماي ـ تالماي تىرىشىۋاتقان بىر تۈركۈم ياش مۇقامچىلار ئىز بېسىپ يېتىشىپ چىقتى. قېنى ئەمىسە، شىاڭگاڭ، تەيۋەن، پايتەخت سەھنىلىرىنى زىلزىلىگە سالغان ئاشۇ مۇقامچىلىرىمىزنىڭ ئورۇندىشىدا «دولان ناۋاسى» مۇقامىغا مەرھەمەت! («دولان ناۋاسى» مۇقامى باشلىنىدۇ، بارلىق تاماشىبىنلار ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ، سىيرىلما قىسمىدا 4 نەپەر مىرىۋاز مىرىۋازلىق قوشاقلىرىنى توۋلاپ مەشرەپنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرىدۇ.)

**7 ـ نومۇر: «بوم باياۋان مۇقامى»**

(رىياسەتچى ب سەھنىگە چىقىدۇ.)

رىياسەتچى ب: مەرھۇم ۋەتەنپەرۋەر شائىرىمىز نىم شېھىت هايات ۋاقتىدا بىزگە:

جاهان رەنالىرى ئىچرە بىلىمدەك بىر گۈزەل يار يوق،
بىلىمدىن ئۆزگە تۇتقان يار بۇلۇر ئۇ گاھىدا بار يوق.
قارا قاشلىق تولۇن ئايلار ساڭا بىر نەچچە كۈن يولداش،
ئەگەر سەن يۇلدىن ئايرىلساڭ سېنى تاشلايدۇ، هېچ ئار يوق.

دەپ ئـوتلۇق خـىـتـاب قىلـىـپ، ۋاقىتـنـى قەدىـرلـەپ ئىلـىـم - مەرىپەت ئىگىلەشكە چاقىرىق قىلغانىدى. پارتىيە - ھۆكۈمەتنىـڭ مائارىپقا سالغان سېلىنـمىسىـنـىڭ يىـلمۇ يىـل ئېشىـشى بىلـەن، توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى ھەقسىز قىلىـنىـپ، ئوقـۇش شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. بۇنىڭ بىلەن ئالاھىدە نامـرات دېھقان - چارۋىـچىلارنـىـڭ بالـىـلـىرىـمۇ مـەكتەپـتـە خاتىـرجـەم ئوقـۇيالايدىغان، تېخى ياتاقتا ياتـقانـلارغـا تـۇرمۇش ياردىـمى بېرىلىدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى... (كىيىملىرى كونا، ئورۇق كەلگـەن بىر كـىشى سەھنـىنـىڭ ئالدىغا كـېلـىـپ دەۋاگـەر سۆپىتىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ.)

دەۋاگەر: داد يىگىتبېشى، ئەرزىم بار. ئەرزىمنى سورىمىسىلا بۇ يۇرتنـى تاشلاپ، گەدىنىمـنـى قاشلاپ، خـوتـۇن - بالـىـلـىرىمـنى باشلاپ، توكۇر خورىزىمغا مىنىپ، ئىچ - تىشىمغا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، ئالدى كەينىمگە قارىماي ئەنجانغا كېتـىمەن، بۇ ئـايماقنـى مەڭگۈگە تەرك ئېتىمەن (رىـياسەتچـى ب سەھنـىـدە تۇرۇپ قالىـدۇ. مـېھمانـلارنـىـڭ قاتـارىـدا ئولتـۇرغـان رىياسـەتچى ئا دەۋاگـەرگـە چېچىلىدۇ).

رىياسەتچى ئا: بىر ئوبدان مەشرەپتە گەپنىڭ بـېلـىگـە تېپـىـپ، نېمە قالايمىقان قىلىسەن، پاششاپ!

(دەۋاگەر ئىتتىك سۆزلەيدۇ.)

دەۋاگەر: جىنـدەك توختـىـسىلا بېـگىم. بايـاتىن ھەمـمە بالـىلار مەكتەپكە كىردى دەپ بەك ياخشى سۆزلىدىلـە، ئەمما مـېنىڭ بـالام ھازىر چـاقـىرىق كـەلـگەن مەكـتـىپـىگـە بارالـماي ئۆيدە يىـغـلاپ ئولتۇرىدۇ، شۇڭا ئىچىم ئېچىشىپ ئالدىراپ سۆزلەپ قالدىم. . .

رىياسەتچى ئا: سۆزلە، بۇ نېمە گەپ ئۆزى؟

دەۋاگەر: مېنىڭ بالامغا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىـن چاقىـرىـق كەپتىكەن، لېكىن يىللىق ئوقـۇش پۇلىغـا تۆلىگىلى تۆت - بەش مىڭ كوي يوق، مەكتىپىگە بارىدىغان ۋاقىتتىنىمۇ ئون بەش كـۈن ئۆتۈپ كەتتى.

رىياسەتچى ئا (ئاچچىقىدىن يانىدۇ): مەشرەپ ئەھلى، بۇ جاۋابكارنى مەشرەپنى بۇزدۇڭ دەپ پالاقىمۇ تارتىپ يۇرمەيلى، ئەمما قۇرۇقلا يولغا سېلىپمۇ قويمايلى (يېنىدىكى بىر نەچچەيلەن بىلەن پىچىرلىشىدۇ)، مۇنداق بولسۇن، بىز يۇرتىمىزدىكى بىر قىسىم ساخاۋەتچى بايلارنىڭ ھىممىتى بىلەن ئوقۇش ياردەم فوندى تەسىس قىلغان، ئاشۇ پۇلدىن 10 مىڭ يۇەننى بالىسىنى ياخشى تەربىيەلەپ ئالىي مەكتەپكە ماڭدۇرغان بۇ نامرات دېھقانغا مۇكاپات قىلىپ بېرەيلى، بىلىملىك، پەزىلەتلىك كىشىلەر يۇرتتا قانچە كۆپەيسە، خۇددى تۇندىكى يۇلتۇزلاردەك چاقناپ يەنە مۇشۇ زېمىننى يورۇتىدۇ. بۇگۈندىن باشلاپ ئۇدۇم بولۇپ قالسۇنكى، بۇندىن كېيىن يۇرتىمىزدىن كىمدە كىم داخىلىق ئالىي مەكتەپكە ئۆتسۇن، نامراتلا بولىدىكەن، بارلىق ئوقۇش پۇلىنى ئەل جامائەت ئۈستىمىزگە ئالايلى، قانداق دەيسىلەر؟ (مەشرەپ ئەھلى ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ قىزغىن چاۋاك چالىدۇ. دەۋاگەر رەھمەت تەزىم بىلەن تاماشىبىنلار ئارىسىغا كىرىپ كېتىدۇ. رىياسەتچى ئا گېپىنى داۋاملاشتۇرىدۇ) خوش، ئەمدى مەشرىپىمىزنىڭ ئۆزىگە كېلەيلى. بايىقى دېھقاننىڭ بالىسىنىڭ ئالىي مەكتەپتە تىرىشىپ ئۆگىنىپ، كۆپلەپ بىلىم ئېلىپ، ئىلمىي سورۇنلاردا ئاۋازىنىڭ تېخىمۇ بوم چىقىشى ئۇچۇن، «بوم باياۋان» مۇقامىغا مەرھەمەت!

(مۇقام باشلىنىدۇ. تۆۋەندىكى ئۇسسۇلچىلار ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. سېيرىلىما قىسمىدا 4 نەپەر مىرىۋاز مىرىۋازلىق قوشاقلىرىنى توۋلاپ مەشرەپنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرىدۇ.)

**8 ـ نومۇر: «جۇلا مۇقامى»**

(رىياسەتچى ئا سەھنىگە چىقىدۇ.)

رىياسەتچى ئا:

«باش باياۋان» ، «بوم باياۋان»، «دولامەت» ئاتلىق ـ
مۇقامىمىز زەپمۇ ئېسىل ناۋاتتىن تاتلىق.
«ئەرزىھال» ۋە «چۆل باياۋان»، «زىل باياۋان» دا ،
مىسكىن دىللار سۆيۈنۈشتىن بولغاي قاناتلىق.

«سىم باياۋان» ، «جوْلا»، «ناۋا» ، «موغال باياۋان» ـ
ياڭرىغاندا، كۆككە يەتكەي بەزمىدە شادلىق!

قېنى ھەممەيلەن «جوْلا باياۋان» موْقامىدىن بىرلىكتە
ھوْزوْرلىنايلى!
(موْقام باشلىنىدوْ. مەيدان ئوتتوْرىسىدىكى بارلىق
ئوْسسوْلچىلار ئوْسسوْلغا چوْشىدوْ. سىيرىلما قىسمىدا 4 نەپەر
مىرىۋاز مىرىۋازلىق قوشاقلىرىنى توۋلاپ مەشرەپنى يوْقىرى
پەللىگە كۆتوْرىدوْ.)
موْزىكا ئاخىرلاشقاندىن كېيىن رىياسەتچى ئا، ب لار سەھنىگە
چىقىدوْ.
رىياسەتچى ب: ھۆرمەتلىك مەشرەپ ئەھلى ۋاقىت ئېتىبارى
بىلەن بوْگوْنكى ساياھەت بايرىمى مەشرىپى ئاخىرلىشىش ئالدىدا
توْروْۋاتىدوْ. ئىسلاھات ئېچىۋېتىش يولىغا قويوْلغانلىقىنىڭ 30
يىللىقىغا ۋە 2008 ـ يىللىق بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت
يىغىنىغا قىزغىن تەنتەنە قىلىۋاتقان بوْ خوْشاللىق پەيتلەردە
ناھىيەمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى تېخىموْ كوْچ ـ غەيرەتكە
تولوْپ، ھاللىق جەمئىيەت ۋە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش
ئىستراتېگىيەسىنىڭ نىشان ـ تەلەپلىرى بويىچە بىردەك
ئىتتىپاقلىشىپ، موْرىنى ـ موْرىگە تىرەپ كوْرەش قىلىپ تېخىموْ
باي، مەدەنىي، ئىناق ئاۋات بەرپا قىلىش ئوْچوْن پائال تۆھپە
قوشوْشقا چاقىرىمىز!
رىياسەتچى ئا، ب: ھەممەيلەننىڭ تېنىگە سالامەتلىك،
ئىشلىرىغا ئوْتوْق، توْرموْشىغا بەخت ـ سائادەت، ئاسايىشلىق يار
بولغاي! (شوْنىڭ بىلەن مەشرەپ ئاخىرلىشىدوْ.)

روللاردا

رىياسەتچى ئا:   ئېزىز ئابلىز
رىياسەتچى ب:   ئىدرىس ئىبراھىم

مىرشاپ ئا: ئەخمەت ئابدۇقادىر
مىرشاپ ب: ئەسقەر ھۇشۇر
مىرۋاز ئا: ماموت نەمەت
مىرۋاز ب: ئىلياس رېشىت
مىرۋاز س: ئىمرەمزى موللەمزى
مىرۋاز د: ھاكىم راشىدىن
پوتىچى ئا: داۋۇت ماموت، گۇلمەرىيەم
پوتىچى ب: مەتنىياز ئەمەت، ئايزىم توختى
پوتىچى س: ئىلياس گايىت، ئارزىگۇل سەمەت
پوتىچى د: تالىپ سۇلايمان، ئارزىگۇل داۋۇت
مىرشاپ ئا: ئەخمەت ئابدۇقادىر
مىرشاپ ب: ئەسقەر ھۇشۇر
پاختا ئاتقۇچى ئۇستام: تۇنىياز مۇپتۇللا
جازالانغۇچى: ياسىن ھەسەن
دەۋاگەر: تۇرغۇن ھوشۇر

پاختا توشۇغۇچىلار: ئەمەت تۇنىياز ، ئابدۇۋايىت تۇنىياز، ئەخمەت ئابدۇقادىر، ئەسقەر ھوشۇر
تۆگە يېتىلىگۇچى: سەمەت راخمان
تۆگىنىڭ ئالدى ۋە ئارقا پوتىدا: ئىلياس رېشىت، ھاكىم راشىدىن
تۆگىگە مىنگۇچى: شىرىنگۇل ئابدۇقادىر
ئۇزۇن پاچاق رولىدا: ئىلياس گايىت
ئۇزۇن پاچاقنى يەلپۈگۈچى رولىدا: خانقىز ئەمەت
ئارغىماق رولىدا: ماموت نەمەت
ئارغىماقنى يەلپۈگۈچى: ئايزىم توختى
غاز رولىدا: مۇسا ئەھەت
پىيالە ئۇسسۇلى ۋە غوجىئالدىرغاق ئۇسسۇلىدا: ئەخمەت ئابدۇقادىر

مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: خەمىت ۋەسىيە ئالىم

رەسسام: پەرھات ئىبراھىم



ISBN 978-7-5466-2957-5

9 787546 629575 >

定价：15.00元